بالىلارغا سوۋغا-2



10

# ھاكاۋۇر چۈجە خوراز

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



بالىلارغا سوۋغا — 2

10

# ھاكاۋۇر چۈجە خوراز

تۈزگۈچى: ئابلىز بەختىيار

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەجمۇئە ئىسمى: بالىلارغا سوۋغا ـ 2 (10)
كىتاب ئىسمى: ھاكاۋۇر چۈجە خوراز
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
تۈزگۈچى: ئابلىز بەختىيار
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئەخمەت مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ بوگۇنكى شىنجاڭ باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.375
نەشرى: 2010 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5373 - 2011 - 5
ئومۇمىي باھاسى: 84.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

## مۇندەرىجە


ئون بەش ياشلىق ۋەزىر ........................ 1
ئىككى بېخىل ........................ 11
پالچى موماينىڭ پاراستى ........................ 15
ئاچ كۆز بەگنىڭ ئۆلۈمى ........................ 23
ئۈچ ۋەسىيەت ........................ 28
كۈيئوغۇل قەيەرگە كەتكەن؟ ........................ 36
هاكاۋۇر چۈجە خوراز ........................ 43
دوڭ پانا ۋە دانا ئايال ........................ 45
نەق ۋە نېسىنىڭ بايانى ........................ 52
گۇناھ كىمدە؟ ........................ 54
يالغان «ساداقەتلىك» دوست ........................ 60
ھۇرۇنغا ھالاۋەت يوق ........................ 70
زالىم پادىشاھ ........................ 73
پاكلىقنىڭ خاسىيىتى ........................ 81
تېۋىپ ۋە ئۇنىڭ ئەقىلسىز ئوغلى ........................ 85
ئوتۇنچىنىڭ تېپىشماقلىق ھېكمىتى ........................ 91
بىر جۈپ قىز ........................ 96

www.uyghurkitap.com

# ئون بەش ياشلىق ۋەزىر

بۇرۇندا كەسىپتە كامالەتكە يەتكەن، پۇتكۇل خەلقئالەمگە داڭقى تارىغان بىر تېۋىپ ئۆتۈپتىكەن. ئۇ دۇنيا ـ ئوقەتنى دوست تۇتمايدىكەن، مەيلى شاھ، مەيلى گاداي بولسۇن، كىمىكى ئاغرىپ قالسا قېتىرقىنىپ داۋالايدىكەن، داۋالاش ھەققى تالاشمايدىكەن، بەرسە ئالىدىكەن، بېرەلمىسە قىستىمايدىكەن، شۇڭا ئۇ ئۆلگەندە بالا ـ چاقىسىغا ھېچقانداق مىراس قالدۇرالماپتۇ.

تېۋىپنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ناھايىتىمۇ كۈچتۈڭگۈر ئىكەن. ئەمما ئۇ زاماندا پۇل بولمىسا كۈچ ئىشلىمەيدىكەن. شۇڭا، بۇ ئوغۇلنىڭ كۈنى بەكمۇ غۇربەتچىلىكتە قاپتۇ. ھەتتا ئېغىر بوي خوتۇنىنى تۇزۇكرەك ئوزۇقلاندۇرۇشقىمۇ قۇدرىتى يەتمەي خىجالەت تارتىپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئوغۇلنىڭ خوتۇنى سېزىككە چۈشۈپ گۆش غەلۋىسى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. تەڭلىككە چىدىمىغان ئوغۇل تەلەي پېشانىسىنى سىناپ، كۈچىنى ساتقىلى مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ.

ئۇ ئەمدىلا مەدىكار بازىرىغا كېلىشىگە شۇ شەھەر پادشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى مەدىكار ياللىغىلى كىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ
www.uyghurkitap.com

چىقارتىپتۇ ـ دە، تېۋىپ ئوغلىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ بېغىنىڭ كەينىدە بىر قۇم دۆۋىسى بولۇپ، ۋەزىر ئاشۇ قۇم دۆۋىسىنى تۈزلەپ، ئورنىغا كۆچەت تىكىپ بېغىنى كېڭەيتمەكچى ئىكەن.

ۋەزىر يىگىتنى ھېلىقى قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ چىقىپ:

— مانا، قىلىدىغان ئىشىڭ مۇشۇ، ھەققىگە نېمە تەلەپ قىلىسەن، — دەپتۇ.

يىگىت قۇم دۆۋىسىنى ئايلىنىپ، مۆلچەرلەپ چىققاندىن كېيىن:

— ۋەزىر ئەزەم، بۇ ئاز كۈچ بىلەن پۈتىدىغان ئىش ئەمەسكەن، ئەمما، مەن بۇ دۆڭنى بىر كۈنگە قالماي تۈزلىۋېتىمەن. ھەققىمگە ئاتىغانلىرىنى بېرەلا، — دەپتۇ ۋە ئايالىنىڭ گۆشكە سېرىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر بۇنداق ئەرزان مەدىكارنىڭ ئۇچرىغىنىغا بەكمۇ خۇشال بولۇپتۇ ۋە:

— مۇشۇ دۆڭنى راستىنلا بىر كۈندە تۈزلەپ بولالىساڭ، ساڭا بىر ئوغلاق بېرىمەن، — دەپ لەۋز قىپتۇ.

تېۋىپنىڭ ئوغلى بىر ئوغلاقنىڭ خۇشاللىقىدا دەرھال ئىشقا چۈشۈپتۇ. ئۇ قۇم دۆۋىسىنى چېپىپتۇ ـ چېپىپتۇ. كۈن چۈشكە يېقىنلاشقاندا، كەتمەن بىر نەرسىگە تەگكەندەك بوپتۇ. قۇمنى

ئىككى تەرەپكە سىر ئۆتۈپ قارىغۇدەك بولسا، كەتمەنگە تەگكىنى يوغانلا بىر ياغاچ ئىكەن، تېۋىپنىڭ ئوغلى ئانچە كۈچمەيلا ھېلىقى ياغاچنى يەردىن سۇغۇرۇپ چىقىرىپتىكەن، چوڭ بىر تۆشۈك كۆرۈنۈپتۇ. بېشىنى تىقىپ قارىسا، يەرنىڭ ئاستىدا كەڭرى كەتكەن بىر شەھەر تۇرغۇدەك. بۇ شەھەرنىڭ ئۆيلىرى ئالتۇندىن، بوسۇغىلىرى قاشتېشىدىن ئىكەن. دەرەخلىرىنىڭ ياپراقلىرى ھەرخىل تاۋار - دۇردۇن رەختلەر بىلەن قاپلانغانىكەن.

تېۋىپنىڭ ئوغلى ناھايىتى ھەيران بوپتۇ ۋە ئەھۋالنى ۋەزىرگە ئېيتىپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ھېلىقى جايغا كەپتۇ، ئىككىيلەن تۆشۈكتىن يەر ئاستىغا چۈشۈپ، شەھەرنى ئايلىنىپتۇ. بىھېساب ئالتۇن - كۈمۈش، خەزىنە - دەپىنىلەرنى كۆرۈپ، ۋەزىرنىڭ ئاغزى ئايدەك، كۆزى جامدەك قاپتۇ ۋە نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. «بۇ ئەھۋالدىن پادىشاھنى ۋاقىپلاندۇرسام، ئۇ چاغدا شۇنچە بايلىق بىر پۇتۇن يەر ئاستى شەھىرى قولۇمدىن كېتىپ قالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىش سىر پېتى قالسۇن، پەيتى كەلگەندە پادىشاھنى ئۆلتۈرەي - دە، ھەر ئىككى شەھەر ئۆزۈمنىڭ ئىلكىگە ئۆتسۇن...»

ئوڭ قول ۋەزىر ئاشۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، خىرامان تۇرغان تېۋىپنىڭ ئوغلىنى بىر خەنجەر ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك بولۇپ يەر ئۈستىگە

چىقىپتۇ. ھېلىقى تۇخۇلۇكنى كۆمۈپ تاشلاپ، قۇم دۆۋىسىنى جايىغا دۆۋىلەپ قويۇپتۇ.

ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. تېۋىپ ئوغلىنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ دەردىدە زار ـ زار يىغلاپتۇ، تۇغۇلغان ئوغلىنى قاتتىق ـ قۇرۇقلار بىلەن بېقىپ، مىڭ تەسلىكتە 15 ياشقا كىرگۈزۈپتۇ. بۇ بالا غورىبەتچىلىكتە چوڭ بولسىمۇ، چىرايى سۈزۈك، ئەقلى تۈزۈك، دانىشمەن بالا بوپتۇ. ئۇ 15 ياشقا كىرگەندە ھەممە كىتابلارنى ئوقۇپ، جىمى بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ئۆلىمالىق مۇقامىغا يېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئانىسىدىن سوراپتۇ:

— ئانا، مېنىڭ دادام كىم، ئۇ نەگە كەتكەن؟

بىچارە ئانا كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ دادىسىنىڭ كىملىكىنى، مەدىكارلىققا كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئانا، — دەپتۇ بالا، — دادامدىن ماڭا ھېچقانداق نەرسە مىراس قالمىغانمۇ؟

— ياق بالام، — دەپتۇ ئانىسى، — بىز ئەزەلدىن دۇنيانى دوست تۇتمىغان ئادەملەر ئەۋلادىدىن بولىمىز. بوۋاڭ داڭلىق تېۋىپ ئىدى. ئۇنىڭ بىر كىتابى بولۇپ، ئاشۇ كىتاب ھازىرمۇ قازناقنىڭ بالاسىغا ئېسىقلىق، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە مىراس قالدۇرمىغانىدى...

بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قازناققا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ، بىر چاغدا

ئۈستىنى تۆت ئىلىك توپا - چاڭ باسقان كونا مۇقاۋىلىق كىتابنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇ نەچچە كۈنگىچە باش كۆتۈرمەي ھېلىقى كىتابنى ئوقۇپتۇ. ئوقۇغانسېرى چىرايى ئېچىلىپتۇ.

— بالام، — دەپتۇ ئانا، — بۇ كىتابتا نېمىلەر يېزىلىپتۇ، ئەجەب ئوقۇغانسېرى چىرايىڭ ئېچىلىپ كەتتى؟

— بۇ بىر ھېكمەتلىك كىتاب ئىكەن، — دەپتۇ بالا، — ئۇنىڭ ھەربىر ۋاراقىدا ئىلگىرى ئۆتكەن ئىشلار، بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ھادىسىلەر يېزىقلىق ئىكەن، — بالىنىڭ ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداقتا، داداڭنىڭ نەگە يوقالغانلىقى، نېمە كۈنلەرگە دۇچ كەلگىنى توغرىسىدىمۇ بىرەر خەۋەر تاپقىلى بولغۇدەكمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، بالا:

— ئانا، بۇ ھەقتىمۇ يېزىلغانىكەن، ئەمما، ۋاقتى كەلمىگىچە ئۇنى ئاشكارىلىيالمايمەن، خۇدا خالىسا پات - يېقىندا ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپىسىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىدىن ئاڭلايمىز.

پادىشاھ بىر كېچىسى ئاجايىپ چۈش كۆرۈپتۇ ۋە چۈشكە تەبىر سوراپ، ئوردا ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپتۇ، ئەمما پادىشاھنىڭ چۈشىگە ئۇلاردىن ھېچكىم تەبىر بېرەلمەپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى غەزەپلىنىپ، ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنى ئوردىدىن ھەيدىمەكچى بوپتۇ. شۇ چاغدا بىر ئۆلىما:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ يۇرتتىكى پۇقرالار ئارىسىدا 15

ياشلىق بىر دانىشمەن بالا بار دەپ ئاڭلىدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ناھايىتى ئەقىللىق ئىمىش، رۇخسەت بولسا بىز شۇ بالىنى ئوردىغا چاقىرتساق، ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن خاسىيەتلىك چۈشلىرىگە تەبىر بېرەلىشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۆز كۆڭلىدە: «شۇنچە ئۇزۇن ساقال ئۆلىمالارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن ئىشنى كىچىككىنە بىر بالا ئورۇنديالامدۇ؟» دەپ گۇمانلىنىپتۇ ـ يۇ، ئەمما ئۆلىمانىڭ پىكرى بويىچە ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىشقا قوشۇلۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئىككى خىزمەتكارى دانىشمەن بالىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئەھۋالنى بايان قىپتۇ، بالا ھېلىقى خىزمەتكارلارغا:

— بېرىپ پادىشاھقا ئېيتىڭلار، مەن پادىشاھ كۆرگەن چۈشكە تەبىر بېرەلەيمەن، ئەمما كىچىك بولغىنىم ئۈچۈن ئات ئۈستىدە ئولتۇرالمايمەن، پىيادە بارسام ھېرىپ قالىمەن، شۇڭا پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى كەلسە، مەن ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ، ئاندىن ئوردىغا بارسام، بولمىسا چۈشنىڭ تەبىرى يامانغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

بالىنىڭ شەرتى پادىشاھقا غەلىتە تۇيۇلغان بولسىمۇ، كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرىنى ئاڭلاش تەقەززاسىدا ئوڭ قول ۋەزىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ.

بالا ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ مەيلىگە قويماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگەردىن بىرنى توقۇپ، ئۈستىگە مىنىپتۇ، ئاندىن قولىغا ئۇچلۇق تاياقتىن بىرنى ئېلىپ، قەدەمدە نەچچىنى سانجىپ

يۈگۈرتكىنىچە ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ، يولدا كەلگىچە ئۇنىڭ قول ۋەزىرىنىڭ ئۇچىسى يېغىر بوپتۇ، باش ـ كۆزلىرى ئۇچلۇق ياغاچ زەخمىدىن قانغا تۇشۇپتۇ.

بالا ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن پادىشاھقا چوڭقۇر بىر تەزىم قىپتۇ. ئاندىن كېيىن:

— ئەي كەرەملىك شاھ، مەن ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىنى ئېيتىپ بېرەي، ئاندىن كېيىن بۇ چۈشكە تەبىر ئېيتاي، — دەپتۇ.

— مەن كۆرگەن چۈشنى سەن قەيەردىن بىلىسەن، — دەپتۇ پادىشاھ ھەيران بولۇپ.

— بىلىمەن پادىشاھىم، — دەپتۇ بالا ۋە پادىشاھ كۆرگەن ھېلىقى چۈشنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئۆزلىرى، — دەپتۇ بالا، — شۇنداق چۈش كۆردىلە، چۈشلىرىدە باشلىرىغا بىر تەۋەك سارغىيىپ پىشقان نان قويۇلغان ھالدا كېتىپ بارغان ئىدىلە، توساتتىن يەنە بىر تەۋەك نان ئاسماندىن چۈشۈپ قۇچاقلىرىغا جايلاشتى. شۇ ئەسنادا، پۇتلىرىغا سۈركىلىپ يۈرگەن بىر قوتۇر ئىت ئاسماندىن چۈشكەن ناننى تەۋەك بىلەنلا ئاستىغا بېسىۋالدى، بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي باشلىرىدىكى تەۋەككە قاراپ خىرىس بىلەن قارىۋىدى، ئۆزلىرى بۇ چاغدا ھېلىقى قوتۇر ئىتقا «چاغ نجس!» دېدىلە ۋە ئويغىنىپ كەتتىلە…

بالا پادىشاھنىڭ كۆرگەن چۈشنى تولۇق ئېيتىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قاپتۇ ۋە:

— ئەي بالا، توغرا ئېيتتىڭ، مەن ئاشۇنداق چۈش كۆردۈم. سەن كۆرگەن چۈشنى تولۇقى بىلەن ئېيتالىدىڭ. مەن كۆرگەن چۈشنى سېنىڭ قانداقلارچە بىلىۋالغىنىڭ مېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتىدۇ، — دەپتىكەن، بالا پادىشاھقا قاراپ كۈلۈپ قويۇپتۇ. ئاندىن:

— ئۆزلىرى كۆرگەن چۈشنى مېنىڭ قانداق قىلىپ بىلىۋالغىنىم ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئۇ چۈشنىڭ تەبىرىدە، ئاڭلاپ تۇرسىلا: باشلىرىدىكى بىر تەۋەڭ نان، — دەپتۇ بالا سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇ ئەسلىدىكى شاھلىق سەلتەنىتى. ئاسماندىن چۈشۈپ قۇچاقلىرىغا جايلاشقان بىر تەۋەڭ نان بولسا، ئۆزلىرىگە يېقىندىن يۈزلەنگەن ئامەت ۋە رىزىق. ئەمما بۇنى ئاستىغا بېسىۋالغان، ھەتتا باشلىرىدىكى نانغا خىرىس قىلغان قوتۇر ئىت كىم؟...

بالا سۆزىنى مۇشۇ يەرگىچە ئېيتىپ بىردەم شۈك تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھنىڭ ھەيرانلىقى ئەسلىدىكىدىن زىيادە بوپتۇ. ئوردا ئۆلىمالىرى «سۇبھانالللا» دېيىشىپ ياقىلىرىنى چىشلىشىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر بولسا ئېگەر غاجاپ يېغىر قىلىۋەتكەن ئۇچىسىنىڭ ئاغرىقى ۋە ئۇچلۇق تاياق سانجىلىپ قانىتىۋەتكەن باش - كۆزىنىڭ دەردىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، قانداقتۇر بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە قاچىدىغانغا جاي ئىزدەپ تېپىچەكلەپتۇ.

— ئېيت بالام، — دەپتۇ پادشاھ، — ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن، ئاخىرىغىچە سۆزلە، — بالا كۆزىنى پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى تەرەپكە مىختەك تىكىپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— بۇ قوتۇر ئىت — مانا مۇشۇ ئوڭ قول ۋەزىر!

ئوردا ئەھلى بالىنىڭ بۇ تەبىرىدىن ھەيران بولۇشۇپتۇ. پادشاھ ئۇنىڭدىن قايسى پاكىتقا ئاساسلىنىپ شۇنداق ھۆكۈم قىلغىنىنى سوراپتىكەن، بالا «ئەۋلەن نەق مەيدانغا بارايلى» دەپتۇ ۋە ھەممەيلەننى ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ بېغىغا يانداش قۇم دۆۋىسىگە باشلاپ بېرىپتۇ. كىشىلەر بىرھازا ھەپىلىشىپ، ھېلىقى دۆۋىنى چېپىپ، تۇگلۇكتىن يەر ئاستىدىكى شەھەرگە كىرىشىپتۇ. بۇ يەردىكى بايلىق، گۈزەللىك، ئاجايىپ - غارايىپلارنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ.

پادشاھ بالىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئېيتىپ، بۇ ئىشلارنىڭ سىرىنى چۈشەندۈرۈشنى ئىلتىماس قىلغانىكەن. بالا بوۋىسىدىن مىراس قالغان ھېلىقى كىتاب ھېكمىتىدىن تارتىپ ھەممە ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپتۇ ۋە:

— ئەي پادشاھىم، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ۋەزىرى مۇشۇ يەر ئاستى شەھرىدىكى دۇنيا - تەئەللۇقاتلارنى سىلىدىن قىزغانغاچقا، رەمەتلىك دادامنى سىرنى پاش قىلىپ قويىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، كېيىن نەپسى بارغانسېرى يوغىناپ سەلتەنەتلىرىگىمۇ كۆز ئالايتىپ، پەيت كۈتكەن، — دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆزلەپتۇ.

پادىشاھ 15 ياشلىق بۇ دانىشمەنگە قول قويۇپتۇ. قارا نىيەت، قاتىل ۋەزىرنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ باياۋانغا قويۇۋېتىپتىكەن، تېنى تىتما - تىتما بولۇپ تۈگىشىپتۇ. بالىنى ھېلىقى ۋەزىرنىڭ ئورنىغا ئىشقا قويۇپتۇ. بۇ ئىشتىن پۈتكۈل ئادەملەر خۇرسەن ۋە رازىمەن بولۇپتۇ.

15 ياشلىق بالا ھېكمەتلىك كىتابتىكى بىلىمنىڭ خاسىيتى بىلەن دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، يۇرتنى يامانلارنىڭ قەستىدىن ساقلاپ، ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇپتۇ. ئانا - بالا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختىيار ياشاپتۇ.[①]

رەتلىگۈچى: خېلىل ئېلى

① «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى.

# ئىككى بېخىل

بۇرۇنقى زاماندا ئىككى بېخىل ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەر ئىككىسى سودا ئىشى بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ ۋە بىرسىنىڭ يەنە بىرسىگە بىر تەڭگىسى ئۆتۈپ قاپتۇ. پۇلدار بېخىلنىڭ ئاشۇ بىر تەڭگە ئۈچۈن زادى ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. قەرزدار بېخىل بىر كۈنى بالىلىرىنى يىغىپ:

— بۈگۈن - ئەتە بىرسى قەرز سۈيلەپ كېلىدۇ. ئۇ ئىشىكنى قېقىشىغا مېنى «ئۆلدى» قىلىپ يۈزۈمنى يېپىپ قويۇپ «ۋاي دادام» دەپ يىغلاپ ئالدىغا چىقىڭلار، ئۇنى ئۇزۇن تۇرغۇزماي يولغا سېلىڭلار، — دەپ جېكىپتۇ.

دېگەندەك بىر قانچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى پۇلدار قەرز سۈيلەپ دەرۋازا قېقىپتۇ. پايلاپ تۇرغان قەرزدارنىڭ بالىلىرى تاپشۇرۇق بويىچە:

— ۋاي دادام! ...ۋاي دادام! ... — دېيىشىپ ئالدىغا چىقىپتۇ.

بۇنىڭ بىر ھىيلە ئىكەنلىكىنى سەزگەن پۇلدار بېخىل دەرھال ئۆلۈكنىڭ قېشىغا كېلىپ «ۋاي بۇرادىرىم، ياش كەتكەن

قېرىندىشىم!…» دەپ قاقشاپتۇ. ئۆزىنى تۇتالماي قالغان بولۇپ «مېيىت» كە ئۆزىنى تاشلاپ، ئاغزى ـ بۇرنىنى چىڭ بېسىۋاپتۇ.

قەرزدار چىدىيالماي مىدىرلاپ سالپتۇ. پۇلدار شۇ هامان:

ــ ئاداش پۇلۇمنى بېرىۋېتىڭلار، ــ دەپتۇ. قەرزدار يەنە جىم يېتىۋاپتۇ. بالىلىرى بولسا «ۋاي دادام…» دەپ تېخىمۇ قاتتىق تووۋلاپتۇ.

پۇلدار چاندۇرماي «مېيىت» نى قاتتىق چىمدىۋاپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئېچىشىغا يەنە پۇلدار:

ــ ئاداش پۇلۇمنى بېرىۋېتىڭلار! ــ دېيىشىگە «مېيىت» كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ.

ــ بالىلىرىم، ــ دەپتۇ پۇلدار هىيلە ئىشلىتىپ، ــ داداڭلارنى ئىسسىقدا يەرلىكتە قويۇۋېتەيلى، بولمىسا گۇناهقا پاتىمىز. مەن ئۇنىڭ يېقىن دوستى. ئۇ هايات چېغىدا قايسىمىز بالدۇر ئۆلسەك، كېيىن قالغىنىمىز يۇيۇشنى ۋەدە قىلىشقانىدۇق. ۋەدىنى ئاقلىمىسام بولمايدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ يۇيىدىغانغا سۇ ئىسسىتىپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ ۋە ئارقىدىن: «سۇ ناهايىتى ئىسسىق بولسۇن!» دېگەنىمۇ تەكىتلەپ قويۇپتۇ.

ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنىڭ چىنىپ قېلىشىدىن ۋە پۇلدارنىڭ ئۆيىدە ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن قەرزدارنىڭ

بالىلىرى ئويلاپ تۇرۇشمايلا دەرھال بىر قازان سۇ قاينىتىپ ئېلىپ كەپتۇ. پولدار قىزىق سۇنى «مېيىت» نىڭ ئۇستىگە قۇيغىلى تۇرغانىكەن. بەدەنلىرى كۆيۈپ تېرىلىرى سويۇلۇپ چىقىپتۇ. ئاخىرى چىدالماي «ۋايجان» دەپ ساپتۇ. پولدار:

— ئاداش پولۇمنى بېرىۋېتىڭلار، — دېيىشىگە «مېيىت» يەنە كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ. ئاخىرى پولدار: «ئەمدى يەرلىكتە قويۇۋېتەيلى» دەپتۇ. كېيەن ـ جىنازىلىرنى تەييار قىلغاندا، پولدار يەنە:

— ئاغىنەم بىلەن قايسىمىز بالدۇر ئۆلسەك، كېيىن قالغىنىمىز تۇپراق بېشىدا تۇنەپ، خەتمە قۇرئان قىلىشقا ۋەدىلەشكەن، دەپ تۇپراق بېشىدا يالغۇز قاپتۇ. يەرلىكنىڭ ئاغزىنى ئەتكىلىمۇ قويماپتۇ.

تۈن كېچە بولغاندا قەرزدارنىڭ قورسقى ئېچىپ كېتىپ چىديالماي، يەرلىكتىن باش چىقىرىشىغا، پولدار:

— ئاداش، پولۇمنى بېرىۋېتىڭلار! — دەپتۇ. قەرزدار يەنە يېتىۋاپتۇ. شۇ ئەسنادا سىرتتىن بىر گۇلدۇر ـ غالاپىنىڭ شەپىسى كەپتۇ. ھەر ئىككىلا بېخىل قورققىنىدىن «جېنىمىزنى ئېلىپ قاچايلى» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشىغا بىر توپ بەتبەشىرە ئادەملەرگە يولۇقۇپتۇ. بۇلار ئوغرىلار بولۇپ، ئولجا ئىزدەپ بارغان يېرىدىن قۇرۇق قول قايتىشقانىكەن. بۇ گۆرىستانلىقتا ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ «نەق ئولجا»

دېيىشىپ يۇگۇرۇشكەنىكەن. بېخىلىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، كېپەنلىرىنى تالىشىپ يۇرۇپ، ئۇلارنى تارتىشماق قىلىپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بىر تەڭگە پۇل ئۇچۇن ئىككى بېخىل بىر ـ بىرىنى ئاياشماي جېنىغا زامىن بولۇپتۇ.①

توپلاپ رەتلىگۈچى: پاتىمە قاسىم

---

① «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىندى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# پالچى مومايىنىڭ پاراستى

ئۆتكەن زاماندا ئىلچى شەھىرىدە موللا قۇتلۇق ئىسىملىك بىر ئۆلىما ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مەردان ئىسىملىك يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. مەردان چېچەن، چىققىشقاق ئادەم بوپتۇ. بىراق دادىسىنىڭ «كۆپرەك ئىلىم ئۆگەنسەڭ بولاتتى» دېگەنلىرىگە ئانچە ئېرەن قىلماي كەتمەي: «مەن كۆپرەك يۇرت ـ شەھەر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن» دەيدىكەن. بىر مەھەل ئۆتۈپتۇ، دادىسى ئىجازەت بېرىپتۇ. مەردان سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا دادىسى ئۆز ئۇرۇق ـ ئەجدادىنىڭ نەسەبنامىسى پۈتۈلگەن بىر «تۇمار» نى ئوغلىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغاچ «بۇنى ھەرگىز يوقىتىپ قويمىغىن!» دەپ تاپىلاپتۇ.

مەردان بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ بىر بازارغا كەپتۇ. ئۇ يەردە ئۆزى دېمەتلىك بىر سەپەرداش يىگىت ھەمراھ بوپتۇ. ئىككىيلەن بىر قانچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى بىر يىگىت ئۇلارغا يولداش بوپتۇ. ئۇلار ئۈچ كىشى يول ئۈستىدە ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلماسلىق، ئۆمۈر بويى مېھرىبان بۇرادەر بولۇشقا قەسەم قىلىشىپتۇ. بىراق ئۈچىنچى كۈنى مەرداننىڭ «تۇمارى» يوقاپ كېتىپتۇ. ھەر قانداق قىلىپمۇ ئۇنىڭ

دېرىكنى ئالالماپتۇ. ئۇلارغا ئوچۇق دېيىشكىمۇ ئامال بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى ئىچىدە بىلىپ يولنى داۋام قىپتۇ. ئۇلار يەكەن شەھرىگە كېلىپ بىر سارايغا چۈشكۈن بولۇپتۇ. ئەتىسى شەھەر ئارىلاپتۇ. بىر كوچىغا كەلگەندە مەردانىڭ كۆزى بىر پالچى مومايغا چۈشۈپتۇ ۋە شۇ ھامان خىيالىغا: تۇمار توغرىسىدا بىر پال ئاچقۇزۇپ كۆرمەيمۇ، دېگەن ئوي كېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇرادەرلىرىنى سارايغا بېرىپ تۇرۇڭلار دەپ قويۇپ، پالچى مومايىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. پالچى موماي ئەسلىدە بىر دەردمەن بولۇپ، پال ئېچىش ئارقىلىق دەردلىرىنى ئۇنتۇشنى، دەردمەنلەرگە ياردەم بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇنىڭ مەردانغا ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇنىڭغا: «ئەتە بۇرادەرلىرىڭنىمۇ بۇ يەرگە باشلاپ كەلگىن. ئۇلارغا مېنى ھامام دەپ تونۇشتۇرساڭ ئىشىنىدۇ. قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن» دەپتۇ. مەردان سارايغا كەلسە، بۇرادەرلىرى قەيەرگە بارغانلىقىنى سوراپتۇ. مەردان بولسا تەمتىرىمەيلا: «بۇ شەھەردە بىر ھامام بار ئىدى. كوتۇلمىگەندە ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئەتە سىلەرنىمۇ ئېلىپ باراي، ئوبدان مېھمان بولايلى!» دەپتۇ. ھەمراھلىرى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇشۇپتۇ. پالچى موماي ئۆز ئۆيىدە غىزا ـ تائام، مېۋە ـ چېۋە تەييارلاپ ئولتۇرۇپتۇ. مومايىنىڭ گۈلدەك بىر قىزى بار ئىكەن، تائاملارنى داستىخانغا كەلتۈرۈپتۇ، ئۇلار يەپتۇ، ئىچىپتۇ، كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ، قىزىق پاراڭلار باشلىنىپتۇ. موماي:

— مەن ھېكايە ـ چۆچەك ئاڭلاشقا بەك خۇشتار. قېنى قايسىڭلارنىڭ بىرەر قىزىق ھېكايەڭلار بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇچەيلەن تەڭلا:

— بىز ھېكايە بىلمەيدىكەنمىز. بىلسلە ئۆزلىرى سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا، ئاڭلىساق، — دېيىشىپتۇ. موماي ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىنى بۇرۇنلا پەملەپ بولغانىكەن.

— بوپتۇ. مەن بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ موماي، — ئۇخلاپ قالماي ئوبدان ئاڭلارسىلەر، — شۇنداق قىلىپ موماي ئۆز ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

— بۇنىڭدىن ئۇزاق يىللار بۇرۇن قەشقەرلىق بىر يىگىت يەكەنگە كەپتۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر دوستى بار ئىكەن، قىزغىن كۇتۇۋاپتۇ. مېھمان قېپتۇ. ئىككىيلەن ئۆمۈرلۈك دوست بولۇپ ئۆتۈشكە قەسەم قىلىشىپتۇ. بىر كۇنى ئىككىسى كوچىدا كېتىۋاتسا ئالدىدىن بىر قىز ئۆتۈپ قاپتۇ، قەشقەرلىق يىگىت شۇ ھامان قىزغا ئاشىق ـ بىقارار بوپتۇ. لېكىن قىزنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ، ھەر كۇنى ئىزدەيدىكەن، بىراق دېرىكىنى ئالالمايدىكەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە قەشقەرلىق يىگىت يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ دوستىغا: «شۇ قىزنى قاچان ئۇچراتساڭ ماڭا خەۋەر بەرگىن، مەن كېلىپ ئەمرىمگە ئالىمەن» دەپ تاپىلاپتۇ. دوستى ماقۇل دەپتۇ. بىر يىل ئۆتۈپتۇ، قىزنىڭ دېرىكى بولماپتۇ. ئۇمىد ئۇزۇپ، ئۇنى ئىزدەشتىن يالتىيىپتۇ. شۇ ئارىدا يەكەنلىك يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويماقچى بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لايىق ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر قىزنى لايىق كۆرۈپ، چوڭ ھەشەم بىلەن توي ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. كېلىن يۆتكەپ كېلىنىپتۇ. يىگىت قىزنىڭ چۈمپەردىسىنى ئاچقانىكەن، بۇ قىز كوچىدا ئۇچرىغان ھېلىقى قىز بولۇپ چىقىپتۇ. يىگىت بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. قىزمۇ يىگىتنى تونۇپ ھەيران بوپتۇ. يىگىت قەشقەرلىق دوستىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن: «راستىمنى دېسەم شۇ چاغدا مەنمۇ سىزگە كۆيۈپ قالغانىدىم. بىراق دوستۇم بەك ئەلەم چېكىپ كەتتى. بىز ئۆمۈرلۈك دوستلار. مەن ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەنىدىم. ئەمدى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىسام بولمايدۇ. مەن سىزنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قەشقەرگە يولغا سېلىپ قوياي، شۇ يىگىتكە تېگىمىك، بولامدۇ؟» دەپتۇ. قىز بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ: «سىز مۇنداق دېگەندىكىن، مەن شۇنداق قىلاي» دەپتۇ. يەركەنلىك يىگىت تۆت ئاتقا قوشقان پەيتۇندىن بىرنى ھازىرلاپ، ئىشەنچلىك بۇرادەرلىرىنى قوشۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك تەييارلىق قىلىپ قىزنى يولغا سېپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ قەشقەرگە يېتىپ كەپتۇ، قولىدىكى ئادرېس بويىچە يىگىتنىڭ ئۆيىنى ئوڭايلا تېپىپتۇ. بۇ يىگىت يەركەندىن قايتىپ كەلگەندىن بۇيان ئىشىق دەردىدىن ئەلەم چېكىپ، ئاغرىقا غىزا تېتىماي، ئاھ چېكىپ يۈرگەنىكەن. ئۆيلىمىغان يەردە ئاشىقى كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىدىن

بەختلىك تۇيغۇغا چۆمۈلۈپتۇ. ناھايىتى ئەدەپ، ھۆرمەت بىلەن مېھمان قىپتۇ. ئاندىن قىزدىن سوراپتۇ: «شۇ چاغدا بىز سىزنى شۇنچە ئىزلەپمۇ تاپالمىغانىدۇق. ئەمدى ئۆزىڭىزلا پەيدا بولۇپ قالدىڭىز، مېنىڭ بۇ ئىشنى بەكمۇ بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، دەپ بېرەرسىزمۇ؟»

— دەپ بېرەي، — دەپتۇ قىز، — ئاتا ـ ئانام مېنى يەركەنلىك بىر يىگىتكە بەرگەنىدى، توي ئاخشىمى ئۇ يىگىت مېنى كۆرۈپلا تونۇپ قالدى. ئۇ سىزنىڭ دوستىڭىز ئىكەن، سىزگە ۋەدە بېرىپتىكەن، دوستىنىڭ نېسىۋىسىگە خىيانەت قىلغۇسى كەلمىدى. ماڭا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالمىدى، سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئەۋەتتى، ئەھۋال شۇ. ئەمدى خالىسىڭىز مەن سىزنىڭ رايىڭىز بويىچە ئىش قىلىشقا تەييار، قېنى نېمە گېپىڭىز بار؟

قەشقەرلىق يىگىت يەركەنلىك دوستىنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قايتۇرغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. ئاغىنىسىگە نېمە دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرسە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تىت ـ تىت بوپتۇ. كۆپ ئويلاپ، ئاخىرى «ۋەدىگە ۋاپا قىلىش — ئاقىلنىڭ ئىشى» دېگەن ھېكمەتنى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قىزغا مۇنداق دەپتۇ:

يەركەنلىك دوستۇمغا مىڭ رەھمەت. ئۇنىڭ ھىممىتىنى قوبۇل قىلدىم. سىز دوستۇم بىلەن توي قىپسىز. نىكاھىڭلارمۇ ئوقۇلۇپتۇ. مەن سىلەرگە بەخت تىلەيمەن، مېنى ئەپۇ قىلىڭ.

مەن سىزنى يەركەنگە يولغا سېلىپ قوياي، سىلەر ئۆز ئۆيۈڭلارنى تۇتۇڭلار، ئاۋۋال قەشقەرنى سەيلە قىلىۋېلىڭلار. ئاندىن يولغا چىقارسىلەر، بولامدۇ؟

يەركەندىن كەلگەنلەر بۇ گەپكە ماقۇل بولۇشۇپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار يەركەن شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىر چۆلگە كەلگەندە بىر توپ قاراقچى ئۇلارنى توسۇپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى قىزنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا زورلاپتۇ. قىز بولسا قورقماس، زېرەك، راست سۆزلۈك، سەممىي ئىكەن. بۇ پالاكەت ئالدىدا تەمتىرىمەي، مەزمۇت تۇرۇپ، قاراقچىلارغا بولغان ئەھۋالنى ئەينەن ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. بىرگە ماڭغانلار ئۇنىڭ سۆزىگە گۇۋاھلىق بېرىشىپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى يۇرت ئىچىدىكى ناھەقچىلىق دەستىدىن قاراقچى بولۇپ قالغانىكەن، بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ ـ دە:

ــ مەن خاتا قىپتىمەن. سىلەر ئۆز يولۇڭلارغا كېتىۋېرىڭلار، مەنمۇ ئۆز يولۇمغا ماڭاي، ــ دېگىنىچە ئادەملىرىنى باشلاپ كەلگەن يېرىگە راۋان بولۇشۇپتۇ. قىز ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ساق ـ سالامەت يەركەنگە يېتىپ كەپتۇ، ئېرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بولغان ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىشىپ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

موماي ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، ئولتۇرغانلارغا قاراپ: سىلەرچە بۇ ئىككى ئاغىنە قانداقراق ئىكەن؟ دەپتۇ. بىرىنچى ھەمراھ بولغان يىگىت: «دۇنيادا ھەر قانداق دەرد كۆيۈك ئۆتىغا

يەتمەيدۇ. قەشقەرلىق يىگىت ھەقىقەتەن ۋىجدانى بار يىگىتكەن»
دەپتۇ. مەردان بولسا: «يەركەنلىك يىگىتنىڭ ۋاپادارلىقى ئادەمنى
قايىل قىلىدىكەن. توي بولغان، نىكاھ ئوقۇلغان، قىز ئۇنىڭ
ئەمرىگە ئۆتكەن تۇرسىمۇ، ئۇ دوستىغا ۋاپاسىزلىق قىلغۇسى
كەلمىدى ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ. ئاخىرقى ھەمراھ بولغان يىگىت
قايىل بولماي: «ياق، ھەممىدىن قاراقچىلار باشلىقى ۋىجدانلىق
ئىكەن. ئۇ نىمە قىلىمەن دىسە قىلالايتتى» دەپتۇ. موماي
ھېكايىسىنى توختىتىپ ئۇلارنى باغنى سەيلە قىلىشقا تەكلىپ
قىپتۇ، شۇ ئاردا ئاخىرقى سۆز قىلغان يىگىتنى يالغۇز بىر
چەتكە تارتىپ دەپتۇ:
— بۇ دۇنيادا ئوغرى ئوغرىنى ئاقلايدۇ. قاراقچىمۇ
قاراقچىنى ياقلايدۇ. مەن پال ئېچىپ كۆردۈم. سەندە بىر ئامانەت
بار ئىكەن. ماڭا تاپشۇرۇۋەت. مەن سېنى پاش قىلىپ قويمايمەن.
سىلەر داۋاملىق قىيامەتلىك دوست بولۇۋېرىسلەر، بولامدۇ؟ سەن
ھېلىقى بويتۇمارنى ماڭا بەرگىن!
بۇ يىگىت راستتىن تۇمارنى ئوغرىلاپ ئېلىپ، يېنىدا ساقلاپ
كەلگەنىكەن. مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، نائىلاج تۇمارنى
چىقىرىپ بېرىپتۇ، ئاندىن دوستلىرى قېشىغا چىقىپ كېتىپتۇ.
كەچقۇرۇن غىزادىن كېيىن ئۇلار سارايغا قايتماقچى بولۇشۇپتۇ.
موماي ھېلىقى تۇمارنى چىقىرىپ:
— مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭلار ئۈچۈن بەك خۇش بولدۇم.
سىلەرگە رەھمەت! مېنىڭ سىلەرگە تۇتقۇدەك چوڭراق سوۋغام

يوق. كىچىككىنە بىر سوۋغام بار، ئۇنى سىلەرگە تۇتاي. مەردان بالام، ئۇنى سەن ئوبدان ساقلىغىن. ئۆيگە بارغاندا ئاكاملارغا كۆرسىتەرسەن. سىلەر ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، بىر - بىرىڭلارغا خىيانەت قىلماي، ۋاپادار دوست بولۇپ ئۆتۈڭلار! سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن! دەپتۇ.

شۇندىن باشلاپ ئوغرى پۇشايمان ئىچىدە، قالغانلار ھۆرمەت بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈشۈپتۇ.[1]

ئېيتىپ بەرگۈچى: مامۇت قۇربان
رەتلىگۈچى: يۇسۇپ ئۆمەر

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 6 - سانى، 117 - بەت.

# ئاچ كۆز بەگنىڭ ئۆلۈمى

قەدىمكى زاماندا، زەرەپشان دەرياسىنىڭ بويىدىكى يېزىلارنىڭ بىرىدە ھېكىم ئىسىملىك بىر بەگ ئۆتكەنىكەن. پۇقرالار ئۇنىڭ مەنسىپىنى ئىسمىغا قوشۇپ «ھېكىم بېگىم» دەپ ئاتايدىكەن. ھېكىم بېگىم ئاتاقتا خۇش، ئىشقا بوش، مېھماندارچىلىقتا بېرىشقا ئامراق، يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا خامراق ئىكەن. ھېكىم بېگىم كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئاتا ـ ئانىسى ئابدۇخېلىل دەپ ئىسىم قويغان، دوست ـ يارەنلىرى «ئەپچىل» دەپ چاقىرىشقا ئۆگىنىپ قالغان بىر ياش ھارۋىكەشنى مەپە ھەيدەشكە سايتۇ. ھېكىم بېگىم مەپىنىڭ ياسداقلىقىغا، چىلان توروق ئاتنىڭ سېمىزلىكىگە، مەپىكەشنىڭ قاۋۇللۇقىغا قاراپ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىنىپ، يۇرت ئىشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. بەگلىكنىڭ ئىشلىرىنى مىرزا (كاتىپ) سىغا تاشلاپ بېرىپ، مەپىگە ئولتۇرۇپ، بىر كۈن باغقا، بىر كۈن تاغقا مېھماندارچىلىققا كېتىدىكەن. بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقنى تۈگىتىپلا ئەتىسى بولىدىغان ـ بولمايدىغان مېھماندارچىلىقنىڭ خىيالى دېڭىزىغا چۆكۈش — ھېكىم بەگنىڭ ئەڭ زور ئىشى ئىكەن، ھەتتا كېچىلىرى: ئەتە كىم ئوغلىنىڭ توينى قىلار؟

كىم ئۆلگەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەزىر ـ سىنى بېرەر؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئوبدانراقمۇ ئۇخلىيالمايدىكەن. «توخۇ داڭگال چۇشەپتۇ، ئوتۇنچى جاڭگال» دېگەندەك، بەزى كېچىلىرى قايسىبىر سىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغانلىقىنى، ئالدىغا كەلگەن مېۋە ـ چېۋىلەرنى، ئاش ـ گۆشنى قورسىقىغا پاتقۇچە يەپ، ئېشىپ قالغىنىنى زەللە قىلىپ قايتقانلىقىنى چۈشەپ، خۇشاللىقىدىن ئويغىنىپ كېتىدىكەن. ئەگەر شۇ كۈنى ئۇنى ھېچكىم مېھماندارچىلىققا چاقىرمىسا «خۇمارى» تۇتۇپ «سەپرايى» ئۆرلەپ، يولۇققانلىكى ئادەمنى ھاقارەتلەيدىكەن. خۇينى بىلگەنلەر «سەپرايى» پەسەيمىگۈچە ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايدىكەن. «خۇمارى» نى بىلگەنلەر ئۆيىگە چاقىرىپ تۇخۇم بىلەن مېھمان قىلىدىكەن، «خۇمار» دىن چىقمىسا، تۇخۇم تۇغمىدىغان توخۇسىنى ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلىدىكەن. ھېكىم بېگىم ئالدى بىلەن توخۇنىڭ ئىككى پۇتىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆشىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ قورسىقىنى تويغۇزىدىكەن. قورسىقى تويسىمۇ كۆزى تويمىغاچقا، ئەڭ ئاخىرىدا توخۇنىڭ ئىككى قانىتىنى بوينى بىلەن قوشۇپ پاك ـ پاكىز غاجاپ، زورلىما كېكىرىكتىن 2 ـ 3 نى چىقىرىپ، ئاددىيغىنا دۇئادىن كېيىن، يالغاندىن بولسىمۇ «شۈكرى» ئېيتىپ، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىراق بولسىمۇ «رەھمەت» دېيىشنى ئۇنتۇماي ئۆيدىن چىقىدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ مېھماندارچىلىقتىن يېنىپ چىققاندىن كېيىنكى چىرايىغا قاراپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قېشىغا كېلىپ ھال ـ ئەھۋال ئېيتىدىكەن. گەرچە ئېيتقان ھال ـ ئەھۋالىغا

قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالمىسىمۇ، ھاقارەتلەنمىگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ قايتىدىكەن.

شۇ ئەسنادا، قوشنا يېزىنىڭ بېگى ھېكىم بېگىمنى زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. ھېكىم بېگىم بۇ كۈنى كۈندىدىكىدىنمۇ سەھەر قوپۇپ، ھېچقاچان كىيمىگەن تون - تۇماقلىرىنى، مەسە - كالاچلىرىنى كىيىپ، ئالاھىدە جابدۇقلانغان مەپىگە ئولتۇرۇپ، ئەپچىلگە ھەيدىتىپ زىياپەتكە مېڭىپتۇ. ھېكىم بېگىم مەپىگە قوشۇلغان ئاتنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كارى بولماي «تېز ھەيدە» دەۋېرىپتۇ. ئەپچىل ھېكىم بېگىمنىمۇ قاقشاتماي، چىلان تورۇقنىمۇ ئاقساتماي، چۈش ۋاقتىغا يېقىن زىياپەت بېرىلىدىغان ھويلىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ مەپىنى توختىتىپتۇ. ھېكىم بېگىم مەپىدىن چۈشۈپلا «مەرھەمەت» كە بىنائەن ياسىداق ئايۋان - سارايىنىڭ ئىچىدىكى مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئەپچىل چىلان تورۇقنى مەپىدىن بوشىتىپ، ئات - ئۇلاغلارنىڭ غاجىشى تۈپەيلىدىن قۇرۇق قاقشال بولۇپ كەتكەن تېرەكلەرنىڭ بىرىگە باغلىۋەتكەندىن كېيىن، ھويلىغا كىرىپ سۇپىدا ئولتۇرۇپتۇ. تاكى زىياپەت ئاياغلاشقانغا قەدەر ئەپچىل بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ. زىياپەت كۈن غەرب تەرەپتىكى تاغنىڭ چوققىسىغا يېقىنلىشىشقا ئازلا قالغاندا ئاياغلىشىپتۇ. زىياپەتكە قاتناشقان بەگلەر، بەگزادىلەر، قازى - قۇززاتلار، مۇپتى - ئەلەملەر مېھمانخانىدىن بىر - بىرلەپ چىقىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ھېكىم بېگىم ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا سوقۇلۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھەي ئەپچىلەم! قېنى سەن؟

— مانا مەن.

— ساڭىمۇ بىر نەرسە تەگدىمۇ - يوق؟

— تەگدى.

— نېمە تەگدى؟

— ئۆزلىرى گۆشىنى غاجىۋېلىپ، تاشقىرىغا تاشلىۋەتكەن سۆڭەكلەر بېشىمغا تېگىپلا تۇردى.

— مېنىڭ سورىغىنىم ئۇ ئەمەس، ئالدىڭغا بىر نەرسە چىقتىمۇ - يوق؟

— چىقتى.

— نېمە چىقتى؟

— سىلىدىن ئاشقان سۆڭەكلەرنى تېرىپ يېيىش ئۈچۈن مۈشۈك ئارسلانلىرىنى، ئىت كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقتى.

— تۈزۈك جاۋاب بەرگىنە! بىر نەرسە يېدىڭمۇ - يوق؟

— يېدىم.

— نېمە يېدىڭ؟

— ئۆزلىرىنىڭ غەملىرىنى يېدىم.

— نېمە غەمكەن ئۇ؟

— نېمە غەم بولاتتى، بۈگۈنكى زىياپەتتە مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئاش - گۆش شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، بىر كاپام ئاش ياكى بىر چىشلەم گۆش يېنىپ چىقمىدى. ئۆزلىرى

ھەمىشە «ياخشى تائام ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن» دەيتتىلە، شۇڭا ياخشى تائاملارنى ئاشۇرۇپ قويۇشقا چىدىماي يەۋېرىپ، قورساقلىرى يېرىلىپ كەتتىمىكىن دىدىم. يېگەن غېمىم ئىككى بولدى. بىرى، بېگىمنىڭ قورسىقى يېرىلىپ كەتكەن بولسا قانداق ئېلىپ كېتىمەن، دېگەن غەمنى يېدىم؛ يەنە بىرى، داستىخان ئۈستىدە بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، بايۋەچچە خېنىمغا قورساقلىرىنىڭ نېمە سەۋەبتىن، قانداق يېرىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى سۆزلەپ بېرەلمەسلىكىمنىڭ غېمىنى يېدىم.

زىياپەت قاتناشچىلىرى ئەپچىلىنىڭ جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ تاملىرى تەۋرەپ، تورۇسلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلۈشۈپتۇ. ئەپچىلىنىڭ مەسخىرىلىرى، زىياپەت قاتناشچىلىرىنىڭ كۈلكىلىرى ھېكىم بېگىمگە چىدىغۇسىز ئىزايى ـ ئەلەم بولۇپتۇ، ھېكىم بېگىم ئىزايى ـ ئەلەمنىڭ يامانلىقىدىن ئاسمانغىمۇ چىقىپ كېتەلمەي، يەرگىمۇ كىرىپ كېتەلمەي يىقىلىپلا جان ئۈزۈپتۇ. كۈلگەنلەر «خاپىلىقتىن ئىزا يامان» دېگەن سۆز بىكارغا ئېيتىلمىغانىكەن دېيىشىپتۇ.[1]

ئېيتىپ بەرگۈچى: مامۇت راشىدىن

يېزىپ رەتلىگۈچى: كېرەم نىياز

---

① قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 124 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچ ۋەسىيەت

زامانى ئاۋۋال ياش چاغدا، قوۋم ـ شىغىللار تاش چاغدا، ئەجىر ـ مېھنەت ئاش چاغدا، كۆچتۆڭگۈرلەر باش چاغدا، جەڭگى ـ جېدەل ماش چاغدا، توپانغا قىل قاش چاغدا، كۈنپېتىشتىكى رۇم مەملىكىتىدە قوش مۆڭگۈزلۈك ئىسكەندەر نامىلىق ئەقلىي دانىش بىر پادشاھ ئۆتكەنىكەن. قورال، ئەنجاملىرى خىل، لەشكەرلىرى بېھىساب، ئوردا خەزىنىلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش، گۆھەر، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن تولغان، سانسىز مۇلازىملار ئۇنىڭ بوسۇغىسىدا تەزىمدە تۇرۇشار ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئىسكەندەر پادشاھنىڭ كۆڭلىگە مەشرىق تامان سەپەر قىلىش ھەۋىسى چۈشۈپتۇ. بۇ ھەۋەس شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىكەنكى، كەچلىك ئۇيقۇسى بىلەن كۈندۈزلۈك ئارامى ھارامغا، يەيدىغان ئۈچ ۋاخ تامىقى پەرھىزگە ئايلىنىپتۇ. ئاخىرى بولالماي قىرىق قۇرئەندازنى ئالدىغا چاقىرتىپ مەسلىھەت سوراپتۇ:

— ئەي، دانىشمەن قۇرئەندازلىرىم، پۈتكۈل مەغرىپ مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتتى، ئەمدى كۆڭلۈم مەشرىق تامان سەپەر قىلىش ئىستىكى بىلەن گۈلخانغا ئايلاندى، سىلەردىن ئەقىل ۋە

مەسلىھەت سورايمەن. ئېيتىڭلارچۇ، بۇ تاجۇدۆلەت، بەخت ـ سائادەت، شانۇزەپەر، غەلىبە ۋە قۇتلۇق سەپەرلەر ماڭا زادى قاچانغىچە ۋاپا قىلاركەن، ــ دەپ سوراپتۇ.

قۇرئە كۆرۈپ، دەرھال جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمىغان قۇرئەندازلار ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇ. ئىسكەندەر پادىشاھ «ماقۇل» دەپ ئىلتىپات قىپتۇ. ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەتمۇ توشۇپتۇ. ھېچبىر قۇرئەنداز جاۋاب بىلەن كىرمەپتۇ. غەزەپلەنگەن شاھ قۇرئەندازلارنى ئالدىغا تىزلاندۇرۇپتۇ ـ دە:

ــ سىلەرنىڭ مەرتىۋە ۋە مەئىشەتلىرىڭلارنى ئۈستۈن قىلىپ باقتىم، بۇ سوئالىمغا ئۈچ كۈنگىچە جاۋاب بېرىشەلمىدىڭلار، ھۇ ھارام تاماق نان قېپىلار. جاللات! بۇ، قىرىق ناكەسنىڭ ئەقىلسىز كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىل! ــ دەپ پەرمانە قەتىل بېرىپتۇ.

ــ داد، شەمسۇل بەشەر، پادىشاھى سابىر، ــ دەپ ئىلتىجا قىپتۇ قۇرئەندازلار ئەمىرى، ــ رەھىم قىلىپ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، مەن جاۋاب بەرسەم.

ــ كەچتىم، سۆزلە، ــ دەپتۇ ئىسكەندەر شاھ.

ــ مەرتىۋىلىرى ئاسماندەك بۈيۈك، ئۆمۈرلىرى ئالەمدەك باقىيسىز بولغاي پادىشاھى ئالەم، قۇرئە ھەقنى كۆرسەم، ئۆزلىرىگە تاجۇدۆلەت، بەخت ـ سائادەت، شان ـ زەپەر قۇتلۇق سەپەر تاكى ئاسمان ئالتۇن، يەر قۇيۇچقا ئايلانغۇچە نېسىپ بولىدىكەن.

— ئىشىك ئاغىسى! قۇرئەندازلار ئەمرىگە تون - سەرپاي ئىنئام قىل! — دەپتۇ شاھ مەمنۇنىيەت بىلەن. ئاز ئۆتمەي مەشرىق تامان سەپىرىنىڭ ھەممە تەييارلىقلىرى پۈتۈپتۇ. پادىشاھ ئىسكەندەر ئاقباش ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، ئىنىسىنى ھەمراھ قىلىپ، قىرىق مىڭ ئاتلىق لەشكىرىنى، سەرۋازلىرىنى ئېلىپ كۈنچىقىش تامان سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. كاۋكاز تاغلىرىنىڭ كۈنگىيىدە ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ، ئەتىگەندە يەنە سەپەرگە بۇيرۇق قىپتۇ.

شاھ ئالدىدا تىز پۈكۈپ تۇرغان قۇرئەندازلار ئەمرى تەزىم بەجاسىدىن كېيىن:

— ئالدىمىزدىكى داۋاندىن ئۆتسەك، جۇت ۋە يامغۇرغا ئۇچرايمىز. جاپاسىز يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن بىر كۈن كېچىكىپ ئاتلىنىشقا رۇخسەت قىلغان بولسىلا، — دەپتۇ.

— ھەر قانچە جۇت - يامغۇرمۇ ئاسماننى ئالتۇنغا، زېمىننى قۇيۇچقا ئايلاندۇرالمايدۇ، تەخىرسىز ئاتلىنىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ ئىسكەندەر پادىشاھ.

دېگەندەك، داۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن يامغۇر ۋە جۇت باشلىنىپتۇ. ھاۋا سوۋۇپ يامغۇر يېغىپ، يوللار پاتقاقلىققا ئايلىنىپتۇ. ھەممەيلەننىڭ ئۈستىبېشى سۇ بولۇپ تىترەپ توڭلاپ كېتىپتۇ. ئاخىرى پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئالغان مۇلازىملار قوشۇننى مۇۋاپىقراق بىر جايدا توختىتىپتۇ. دەرھال توققۇز تال

نەيزىنىڭ ئۇچىنى باغلاپ، تۆۋىنى توققۇز تەرەپكە تارتىپ، مۇلازىملارنىڭ ئالتۇن قاداقلىق تونلىرىنى تەتۈر ئارتىپ چېدىر قىلىپ، ئاستىغا قويۇچ، قالقانلارنى تىزىپ، پادىشاھ ئىسكەندەرنى بۇ چېدىرغا ئېلىپ كىرىپتۇ. شاھ ئىسكەندەر شۇنداق قارىسا، چېدىرنىڭ ئاستى قالقانلار بىلەن قويۇچقا، چېدىرنىڭ ئۈستى ئالتۇن قاداقلار بىلەن ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالغانىكەن. پادىشاھنىڭ يادىغا دەرھال سەپەر ئالدىدىكى قۇرئەندازلارنىڭ قۇرئەسى چۈشۈپ كۆڭلى بۆلەكچىلا بوپتۇ. ئاز ئۆتمەي قىزىتمىسى ئۆرلەپ، بېشى ئېسىلىپ ئاغرىشقا باشلاپتۇ. ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئىنىسى، ۋەزىرلىرى ۋە مۇلازىملىرىنى ئىشارەت بىلەن يانلىرىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئەجلى مۇتلەققە قايىل بولغان ھالدا تۆۋەندىكىدەك ۋەسىيەت قىپتۇ:

— قۇرئەندازلارنىڭ قۇرئەسى توغرا چىقتى بولغاي، مانا ئاسمان ئالتۇنغا، يەر قويۇچقا ئايلىنىپتۇ. ئەزرائىل ئامانىتىگە كەلگەن چېغى. «بالاغا سەۋر، قازاغا رىزا» دېگەن شۇ. ئەلھۆكمىللا، مەن ھەممىدىن رازى، ئاناممۇ مەندىن رازى بولسا سىلەردىن ئۈچ ئىلتىماسىم بار:

بىرىنچى، جەسىتىم كىنىدىك قېنىم تۆكۈلگەن زېمىندا، دادامنىڭ ئايىغىدىن ئورۇن ئالسا، نەزىر - چىراغىم كەڭرى قىلىنسا، ئەمما نەزىر داستىخىنىغا ئالدى بىلەن ھېچكىمى ئۆلمىگەن كىشى بىرىنچى بولۇپ قول كەلتۈرۈپ بەرسە.

ئىككىنچى، مېنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ جىنازىغا سالغاندا ئىككى

قولۇم جىنازىدىن چىقىرىپ قويۇلسا، جامائەت ئالىقىنىمنى كۆرسە.

ئۈچىنچى، ماڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغان ــ جاھاننى بويسۇندۇرغان ئالتۇن ساپلىق زۇلپىقارىمنى ئوتتۇرىسىدىن سۇندۇرۇپ، كۆلا بىلەن چىگىپ جىنازا يوپۇقىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلسا.

ۋەسىيەت ئاياغلىشىپلا ئىسكەندەر پادىشاھ باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. ئەتراپىدا تۇرغانلار يىغا ـ زار قىلىشىپ، چېدىرنى بېشىغا كىيىشىپتۇ. قىرىق مىڭ سەرۋازنىڭ نالە ـ زارى ئەرشكە كۆتۈرۈلۈپتۇ. دەرھال رۇمغا خەۋەرچى ماڭدۇرۇپتۇ. ئارقىدىن جەسەتنى كۆتۈرۈپ پۈتۈن قوشۇن رۇمغا قاراپ يول ئاپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پۈتۈن رۇم شەھىرى خەلقى يىغا ـ زار بىلەن ئۇن چاقىرىم يەرگە ئالدىغا چىقىپتۇ. پەرزەنت داغىدا كۆيگەن ئانا ئوغلىنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ زار ـ زار يىغلاپتۇ. رۇم ئادىتى بويىچە جەسەتنى يەرلىكىدە قويۇشتىن ئاۋۋال نەزىر ـ چىراغ قىلىنىدىكەن. شۇڭا، توققۇز تۆگە، ئوتتۇز كالا، توقسان قوي سويۇلۇپ شورپا قىلىنىپ نەزىر بېرىلىپتۇ. پەتنۇس، لېگەن، تەلەڭگە، تەخسىلەردە گۆش تارتىلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئىسكەندەر شاھنىڭ ئىنىسى:

ــ ئەھلى جامائەت، ئاكامنىڭ ۋەسىيىتى بار ئىدى، ئالدى بىلەن ھېچكىمى ئۆلمىگەن كىشى داستىخانغا قول كەلتۈرۈپ بەرسە، ــ دەپتۇ. داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرغان جامائەت: قېنى ـ

قىنى دېيىشىپ، تۆردىكىلەر پەگاھقا، پەگاھتىكىلەر تۆرگە قارىشىپتۇ. جامائەت ئارىسىدىن ھېچكىمى ئۆلمىگەن كىشى چىقماپتۇ. دادىسى بارنىڭ ئانىسى يوق، ئانىسى بارنىڭ دادىسى يوق، ئاتا ـ ئانىسى بارلارنىڭ بوۋىسى يوق ياكى موممىسى يوق… ئىشقىلىپ ھېچكىمى ئۆلمىگەن ئادەم چىقماپتۇ. ھېچ كىشى نەزىر داستىخىنىغا قول ئۇزىتالماپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئانا:

— نەزىرەم مەنزۇر تېپىلمىدىمۇ؟ — دەپ جامائەت ئالدىغا چىقىپتۇ. تۆردە ئولتۇرغان ئۆلىما ھەم نۇرانە بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جامائەت! شاھىمىز ئىنتايىن دانىشمەن كىشى ئىدى، دۇنيادا ھېچكىمى ئۆلمەيدىغان كىشى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۆلۈم دېگەن تەقدىر ئىلاھى. پادشاھى ئالەم ئانام سەۋر قىلسۇن دەپ بۇ ۋەسىيەتنى قىلغانىكەن، ئۆزلىرى سەۋر قىلسىلا، قازاغا رىزا بالاغا سەۋر. قېنى ـ قېنى، جامائەت بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، مەن ئۆزۈم قول كەلتۈرۈپ بېرەي، ھەر بىرلىرىمۇ قول تەگكۈزۈپ بېقىشسىلا، — دەپتۇ. نەزىردىن كېيىن جەسەتنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ جىنازىغا ئاپتۇ. ئىسكەندەر پادىشاھنىڭ ئىنىسى جامائەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ: — ئاكام «جەسىتىمنى جىنازىغا ئالغاندا ئالىقىنىمنى جىنازىدىن چىقىرىپ قويساڭلار، خەلقئالەم كۆرسە» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى. ئاكامنىڭ شۇ ۋەسىيىتى بەجا كەلتۈرۈلسە دەپتۇ. مولللار:

— جەسەتنى كۆن كۆرسە بولمايدۇ، — دېيىشىپتۇ مەرھۇمنىڭ ئىنىسى: ئاكامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلىماسام بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھېلىقى ئۆلىما كىشى يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— شاھىمىزنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش لازىم. دانىشمەن پادىشاھىمىز: «گەرچە مەن بىر ئۆمۈر جەڭ قىلىپ پۈتۈن دۇنيانى قولۇمغا ئالغان بولسامۇ، ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە، ئۇ دۇنياغا قۇرۇق قول كېتىۋاتىمەن، پۈتكۈل خەلقئالەم مەندىن ئىبرەت ئېلىپ دۇنياخورلۇق قىلمىسۇن...» دەپتۇ، شۇڭا قولىنى جىنازىدىن چىقىرىپ قويايلى، — دەپ ئۆز قولى بىلەن جەسەتنىڭ قولىنى جىنازىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. مەرھۇمنىڭ ئىنىسى يەنە: ئاكام «ئالتۇن ساپلىق زۇلپىقارىمنى ئوتتۇرىدىن سۇندۇرۇپ كۆلا بىلەن چېتىپ، جىنازىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى، دەپ زۇلپىقارنى بازغاندا ئۇرۇپ سۇندۇرۇپ، كۆلادا باغلاپ تەييارلاپتۇ. موللىلار بولسا: «جىنازا ئۈستىگە يوپۇقتىن باشقا ھېچنەرسە ئېسىشقا بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھېلىقى نۇرانە داموللا كىشى يەنە:

— بولىدۇ، ئېسىشقا بولمىسۇن، شاھنىڭ ۋەسىيىتى ۋەسىيەتتۇر. ئېسىپ قويساق بولىۋېرىدۇ. پادىشاھ بۇ ۋەسىيىتى ئارقىلىق: «مەن بۇ قىلىچ بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ بېشىنى كېسىپ قان كېچىپ، نۇرغۇن جەڭگى - جېدەل دارازالار بىلەن شاھلىق تەختىدە بەقارار بولغانىدىم، لېكىن ئۆمۈر ۋە تەخت ماڭا

مۇشۇنچىلىكلا ۋاپا قىلدى. جەسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەھدە، قان دەرياسىدا كۆكەرگەن بەخت كىشىگە ۋاپا قىلمايدىكەن قىلىچلا بولىدىكەن، قان تۆكۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىلىچلارنى سۇندۇرۇڭلار، قان تۆكمەڭلار، قانخورلۇق قىلماڭلار» دەپتۇ. بىز پادىشاھىمىزنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلايلى، جەڭگى - جېدەللەرنى تاشلاپ، تىنچ - ئىناق ياشايلى، — دېگىنىگە ھەممەيلەن قايىل بوپتۇ.[1]

سۆزلەپ بەرگۈچى: پاتەمخان قوربان

يېزىۋالغۇچى: ئابدۇكېرىم ئەخمەت

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 3 - سانى، 121 - بەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كۆيۈ ئوغۇل قەيەرگە كەتكەن؟

قەدىمكى تارىم دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، سۈيى چوڭقۇر ۋە لاي، كۈنپېتىشتىن كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ئاقىدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى قاسنىقىدا چوكانتاللار كۆپ بولغاچقا، كىشىلەر بۇ يەردىكى يۇرتنى «تالىلىق دەريا» مەھەللىسى دەپ ئاتىغانىكەن، مەھەللە مەركىزىدە كۆجۈم، قايناق بازار بولىدىكەن. بازار ئىچىدە بەكرىباي ئىسىملىك بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجەر ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزنىڭ چاچلىرى قۇندۇزدەك قاپقارا، چىشلىرى سەدەپتەك ئاق، ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىپقىزىل، ئىككى كۆزى كېپىكتەك ئويناقلاپ تۇرىدىكەن، بىر كۆرگەن يىگىتلەر «يەنە بىر كۆرسەم» دەپ تىلەيدىكەن. بىراق، گۈزەل ھەجەر قىزنىڭ يالقۇنجاپ تۇرغان نازۇك قەلبىدە، دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى نامراتلار مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر تۇل خوتۇننىڭ يالغۇز ئوغلى — كېمىچى ياسىندىن باشقا يىگىت يوق ئىكەن. ياسىنمۇ ئائىلىنىڭ يوقسۇزلۇقى، ئېگىن - ئاياغ، ئۇستىباشلىرىنىڭ كۆرۈمسىزلىكىگە قارىماي، ئۆزىنىڭ راستچىل، ئىشچان، باتۇر، ئاق كۆڭۈل، ئىش بىلەرلىكى بىلەن يىراق - يېقىنغا نامى چىققان

ھۆرمەت ئىگىسى ئىكەن. ھەجەرنى ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىكەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ «توي قىلىش» ئارزۇسىغا ھەر ئىككىسىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى رازى ئەمەس ئىكەن، قارشى تۇرىدىكەن. ياسىنىنىڭ ئانىسى ئۆزلىرىنى «بايلارنىڭ خىلى ئەمەس» دەپ ئۇنىمايدىكەن، بەكرىباي بولسا، ھەجەرنى بازارنىڭ چەكەدىكى نىياز بەگكە بېرىپ، ئۇنىڭ سايىسىدا «تېخىمۇ ياخشىراق دۆلەت كۆرۈش» تاماسىدا يۈرگەنىكەن. شۇ سەۋەبتىن، قىزنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە قارىماي، زالىم بەگكە تېگىشكە مەجبۇرلايدىكەن. ھەجەر بولسا قاپىقىنى كۆتۈرۈپ دەريا بويىغا كېلىپ، «سۇ توشۇش» باھانىسى بىلەن ياسىننى ئىزدەيدىكەن ۋە بولغان گەپ - سۆزلەرنى بىرمۇبىر دەپ تۇرىدىكەن. ياسىن بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئاي يورۇقىدىن پايدىلىنىپ كېمىسىنى ھەيدەپ، شىمالىي قاشتىكى يارى ھەجەرنىڭ ئۆيى ئارقىسىدا توختىتىپ قويۇپ، بۇرۇن كېلىشىۋالغان بويىچە مەخپىي بەلگە بېرىپ ھەجەرنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ھەجەر ئۆيىنىڭ دەرياغا قارايدىغان پەنجىرىسىنى ئېچىپ، ئاستا چۈشۈپ، كېمىگە چىقىپ ياسىن بىلەن قانداق قىلىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ھەققىدە كېلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەر قانداق بىرەر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى، بىرەر باخشى ياكى رەممالنى تېپىپ، پال ئاچقۇزۇپ، تەلىيىنى سىنايدىغان ئادىتى بار ئىكەن. ياسىن ئەتىسى كەچلىكى

ھەمىيننىغا ئۇن سەرلىك تەڭگىدىن بىرنى سېلىپ، شىمالىي قىرغاقتىكى رەممال توختاخۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ۋە تەڭگىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «بەكرىۋاي قىزنى نىياز چەكەدىگە زورلاپ بەرمەكچى، ئۇ چوقۇم بۇ يەرگە كېلىپ، سىزدىن پال ئېچىپ بېرىشنى، بۇ توينى قىلسا (ئۆيى ئۆي، تويىتوي) بولۇش - بولماسلىقىنى سورايدۇ. بۇ كۈمۈشنى ئېلىڭ. پال ئېچىشنى مەن دېگەندەك قىلىڭ، سىز مۇنداق دەڭ: ‹باي غوجام، بۇ توينى ھەرگىز قىلمىسىلا، بولمىسا چوڭ پالاكەت باسىدۇ!› بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باي دېلىغۇل بولۇپ ئۆيىگە كېتىدۇ. ئاغچىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەتىسى يەنە كېلىدۇ. يەنە شۇنداق دەيسىز، ئۇ يەنە كېلىدۇ. ئۇدا ئۈچ قېتىم كەلگەندىن كېيىن، سىز ئۇ ئادەمگە مۇنداق دەڭ: ‹بوپتۇ! سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا يۈزلەنگەن بالايىئاپەتنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى تاپاي. ئەتە يەنە بىر كېلىڭلار!› شۇنداق قىلىپ، سىزمۇ ئۇنىڭدىن تۆت قېتىم ‹پال ھەققى› ئالىسىز، بىزمۇ ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ ئالالايمىز. بەكرىۋاي ئەتىسى كەلگەندە، سىز ئۇلارغا مۇنداق دەڭ: ‹يەنە ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپ، توينى قىلساڭلار بولىدۇ. لېكىن، توي باشلىنىپ ئۈچ كۈنگىچە ئۇلار تۇرغان ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى سىرتتىن قۇلۇپلاپ قويۇپ، ئاچقۇچنى ئۆزۈڭلار تۇتىسىلەر، ھېچكىمگە بەرمەيسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ كىرمەيسىلەر، ئۇلارمۇ سىرتقا چىقمىسۇن. مۇشۇنداق قىلىشقا قەسەم ئىچىپ ۋەدە بېرىڭلار. شۇ چاغدىلا بالا - قازادىن خالىي بولالايسىلەر!›

مۇشۇلارنى ئورۇنلاپلا بەرسىڭىز، مەن سىزدىن رازى، قالغان ئىشلارغا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن» ــ توختى رەمال ياسىنغا ۋەدە بېرىپتۇ ھەم ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، بەكرىبايدىنمۇ ئىشەنچلىك ۋەدە ئاپتۇ.

بەكرىباي خۇشال بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپ ئۈچ كۈن داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، جامائەتكە ئوغلاق تاشلاپ بېرىپتۇ. ئەل ـ جامائەت ئۆي ـ ئۆيلىرىگە تارقىغاندىن كېيىن، يېڭى كۈيئو ئوغۇل بىلەن كېلىن ئىككىسىنى ئۆز ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈۋېتىپلا، بەكرىباي ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپتۇ، ئاچقۇچىنى ئاغچىسىغا بېرىپتۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن قاتتىق ئىرادىگە كېلىپ «ئىشىكنى ھەرگىز ئاچماسلىق» قا ۋەدە قىلىشىپتۇ. ھۇجرا ئىچىدە بولسا ھەجەر قىز نىياز چەكەدىنى كۆرۈپ، ياسىما قىياپەتتە نازلىنىپ تۇرۇپ: «غوجام ئالدىرىمىسىلا، ئاۋۋال ئوبدان بىر ئىچەيلى، ئاندىن تاماشانى باشلىساق قانداق؟» دەپتۇ. چەكەدى پەقەت شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغانىكەن، جان دەپ ماقۇلغا كەپتۇ. بولىدىغان، كۆچلۈك شارابتىن بىر كومزەك كەلتۈرۈلۈپتۇ. ھەجەر شارابنى ئاز ـ ئازدىن، پات ـ پات قۇيۇپ، ئاربلاپ يالغان ناز ـ كەرەشمىلەرنى كۆرسىتىپ ئالداپ، نىيازنى ئۆلگۈدەك مەست قىلىپ، كارىۋات ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. چەكەدى ئۆلۈكتەك ئۇخلاشقا باشلىغاندىن كېيىن، ھەجەر ھۇجرىنىڭ پەنجىرىسىگە كېلىپ، دەريا تەرەپكە قاراپ چاۋاك چاپتۇ.

بەكرىباي ئاغچىسى بىلەن ئولتۇرۇپ، قىزىنىڭ توي ئىشى ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپتۇ. بىردەم ئۆتكەندە ئۆي ئىچىدىن قىڭراق بىلەن گۆش چانىغاندەك بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن «ئۇلار تاماق ئېتىپ يېيىش ئۈچۈن گۆش توغراۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، پەرۋا قىلماپتۇ. بۇ خىل قىڭراق ئاۋازى كېچىسىمۇ، ئەتىسىمۇ توختىماپتۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن سەل بىئارام بولۇپ «قانداق توغراپ بولالمىغان گۆش بۇ؟» دېيىشىپتۇ. ئاغچا خېنىم ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچماقچى بولغانىكەن، بەكرىباي ئۇنى توسۇپ: «ئۇنداق قىلماڭلار، بېشىمىزغا بالا ـ قازا كېلىدۇ. سەۋر قىلايلى!» دەپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى جىمىپ كېتىپتۇ، ھېچبىر ئاۋاز چىقماپتۇ، بەكرىباينىڭ كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يېتىپتۇ. ئىچى تىت ـ تىت، كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، ئاغچىسىدىن ئاچقۇچنى ئاپتۇ ـ دە، يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئۇلار ئۇ ئۆيگە كىرىشىگە، ئۆي ئىچىدىكى «كۆيۈ ئوغۇل» يىگىتنىڭ پەنجىرىدىن ئۆزىنى دەرياغا تاشلىشى تەڭ كەپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان بەكرىباي ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن «چوڭ بالا ـ قازا» نىڭ كەلگەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ قىپتۇ ـ دە، قورققىنىدىن «ۋاي بالام!» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ. ھەجەر قىز بۇ چاغدا شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقانىكەن. دادىسىنىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا، «ئېرى» يوقمىش. «ۋاي كاساپەتلەر! سىلەر ئېرىمنىڭ

جىنىغا زامىن بوپسىلەر! دەرھال ئېرىمنى ئىزدەپ تېپىڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى، ئانىسى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇشۇپتۇ، ئاندىن رەمالنىڭ گېپىگە كىرمىگەنلىكىدىن، ۋەدىسىنى بۇزۇپ، بىمەھەل ئۆيگە كىرىپ قويۇپ، بالا - قازا تېرىغان گۇناھىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلىشىپتۇ. بىراق، ئورنىغا كەلمەپتۇ. سىرتقا چىقىپ خىزمەتكاردىن كېمىچى ياسىننى تېپىپ، دەريانىڭ تېگىگە چۆشۈپ، سۇ ئىچىدىن «كويۇئوغلى» نى ئىزدەپ تېپىشنى تەلەپ قىپتۇ، بۇ ئىش ئۈچۈن كېمىچىگە ئون سەرلىك كۈمۈش تەڭگىدىن ئون دانە بېرىپتۇ. ياسىن كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتقانىكەن، خىزمەتكاردىن ئەھۋالنى ئۇقۇپلا، دەرھال بەكرىباينىڭ مەھەللىسىگە كەپتۇ.

— مەن سۇ ئاستىنى ئاختۇرۇپ باقاي. لېكىن چوقۇم تاپالايمەن، دەپ ۋەدە بېرەلمەيمەن! بولمىسا سۇچى كۆپ. باشقىلار ئىزدەپ تاپسۇن! — دەپتۇ ياسىن قىلچە ھودۇقماي.

— ماقۇل، ياخشىراق ئىزدەپ باق! — دەپتۇ باي نائىلاج. شۇنىڭ بىلەن ياسىن بىر ئۇزۇن خادىنىڭ ئۇچىغا ئورغاقنى باغلاپ، كېمە ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، دېڭىزدىن يىڭنە ئىزلىگەندەك دەريا ئىچىنى مالتىلاشقا كىرىشىپتۇ. توپتوغرا ئۈچ كۈن ئىزدەپمۇ ھېچنەرسىنى ئۇچرىتالماپتۇ. ئەل ئىچىدە ھەرخىل گەپ - سۆزلەر كۆپىيىپ كېتىپتۇ. بەكرىبايلار توختى رەمالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇقماقچى

بولغانىكەن، رەمالنىڭ دېرىكى بولماپتۇ. ئەتىسى باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ياسىننى يالىڭاچلاپ سوغا تاشلاپتۇ ـ دە: «قولۇڭ بىلەن ئاختۇرۇپ تاپ!» دەپتۇ.

ياسىن بىرلا شوڭغۇپ، قاش باغرىدىكى مەخپىي «قاينام» غا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر ئەر كىشىنىڭ جەسىتىنى تارتىپ چىقىرىپتۇ. جامائەتنىڭ كۆڭلى تىنغاندەك بوپتۇ. ئۇلاش ـ چولاش جەسەتنى لاي ـ لاتقىلاردىن ئادالاپ، يۇيۇپ قارىسا، كۆتمىگەن يەردىن بۇ جەسەت توختى رەمال بولۇپ چىقىپتۇ. كىشىلەر ھەيرانلىق ئىچىدە:

ــ ئۆلۈك رەمال بولۇپ چىقتى، ئۇنداقتا نىياز چەكەدى قەيەرگە يوقالدى؟ بۇ ۋەقەنى كىم يېشىپ بېرەلەيدۇ؟ ــ دېيىشىپتۇ. مۇنداق سوئاللارنىڭ بېسىقىشىغا ئەگىشىپ، ياسىن بىلەن ھەجەرنىڭ تويلىرى بولۇپ، ئۆمۈرلۈك ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. ئەمدى بۇ چۆچەكنى ئوقۇغان كىتابخانلار سىلەر تېپىڭلارچۇ: ياسىن بىلەن ھەجەر بۇ ۋەقەدە قانداق ھىيلە ئىشلەتكەن؟①

سۆزلەپ بەرگۈچى: مەرھۇم ئىبراھىماخۇن
خاتىرىلىگۈچى: يۈسۈپ ئۆمەر

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 3 ـ سانى، 124 ـ بەت.

# هاكاۋۇر چۈجە خوراز

بىر كاتەكتە بەش چۈجە بولۇپ، ئۇلار دەسلەپ بەك ئەپ ـ ئىناق ياشاپتۇ. ئۇلار ئىچىدىكى كىچىك چۈجە خوراز قالغان قېرىنداشلىرىغا ھەر جەھەتتىن ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە سازاۋەر بولۇپ چوڭ بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشكەن بىر ھىيلىگەر تۈلكە ئېرىق بويلاپ ئاستا كېلىپ، ئۇلارغا يېقىنلىشىپتۇ. بۇ چاغدا، كىچىك چۈجە خوراز خامانلىقتا غەمسىز دانلاۋاتقانىكەن. تۈلكىنىڭ يامان نىيىتى بارلىقىنى ئېسىدىن چىقارمىغان مېكىيان، چۈجىلەر تام تۆپىسىدە تۇرۇپ تۈلكىنىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى كۆرۈپ قېلىپ دەپتۇ:

چۈك، چۈك، چۈك،
كوكاچ كەلدى ھۈك.
ئىنىم خورازجان،
دەرھال كاتەككە مۆك.

چۈجە خوراز دەرھال كاتەككە كىرىۋېلىپ ئامان قاپتۇ.
كۈن، ھەپتە، ئايلار ئۆتۈپتۇ. چۈجە خوراز چوڭ بولۇپ،

چىللىيالايدىغان بوپتۇ. بوي ـ قەددى كېلىشكەن، پاچاقلىرى ئۇزۇن چۈجە خوراز ئۆزىنى تەڭداشسىز ھېسابلاپ ھال پەيدا بولۇشقا، بارا ـ بارا ھاكاۋۇرلىشىپ، قېرىنداشلىرىنى كۆزگە ئىلماسلىققا باشلاپتۇ. يەم تاپسا ئۆزى يەيدىغان، ھەتتا باشقىلارنىڭ يېمىنى تارتىۋالىدىغان، ئۇلارنى چوقۇپ، تېپىپ ئارام بەرمەيدىغان بولۇۋاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئارىغا ئارازلىق چۈشۈپ، قېرىنداشلىرى ئۆزلىرىگە پاناھ ئىزدەپ ئايرىم ياشايدىغان، خورازغا ئەگەشمەيدىغان بوپتۇ. لېكىن چۈجە خوراز ئۇلارنى قورقاتتىم، دەپ قاراپ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، يار قېشىدىكى خاماندا ئايرىم دانلايدىغان بوپتۇ.

پەيت كۈتۈپ تۇرغان ھېلىقى تۈلكە بىر كۈنى خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يەر بېغىرلاپ ئاستا كەپتۇ ـ دە، بىر ئويۇقتا قىمىر قىلماي يېتىۋاپتۇ. خوراز دانلاپ ـ دانلاپ تۈلكىگە يېقىنلاپ قاپتۇ. بىتاقەت بولۇپ ياتقان تۈلكە بىر سەكرەپ خورازنى تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، بىر ۋاق مەززىلىك تاماق قىپتۇ. خەلق ئارىسىدىكى «ئەپلەشكەن ئېشىنى يەيدۇ، زىددىيەتلەشكەن بېشىنى يەيدۇ» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.①

ئېيتىپ بەرگۈچى: نۇر تۇرسۇن
خاتىرىلىگۈچى: ئابدۇرېھىم يۇنۇس

---

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 126 ـ بەت.

# دوك پانا ۋە دانا ئايال

ئۆتكەن زاماندا تەڭرىتېغى ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنىڭ بىرىدە ياغاچچىلىق ھۈنىرىدە كامالەتكە يەتكەن راستكوي، تىرىشچان بىر ئۇستام ئۆتكەنىكەن. قوشنا ئەل پادىشاھى ئۆزىگە دۇنيادا ھېچقانداق بىر پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا تېخى قويۇلمىغان ئۆزگىچە بىر تەخت ياساتتىشنى نىيەت قىلىپ، ئۆز ئېلىدىكى بارلىق ياغاچچى ئۇستاملارنى ئوردىغا توپلاپتۇ. ياغاچچى ئۇستاملار پادىشاھنىڭ نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن مۇنداق ھۈنەرنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى، كېلىدۇ دېسە قوشنا ئەلدىكى ھېلىقى ئۇستامنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ. پادىشاھ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ قوشنا ئەل پادىشاھىغا ئەلچى ماڭدۇرۇپ، ئۇستامنى بىر مەزگىل بېرىپ تۇرۇشنى ئىلتىجا قىلىپتۇ.

پادىشاھنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇستام شاھ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن ئۇستام بىرنەچچە كۈن باش قاتۇرۇپ، ئاجايىپ سىرلىق، ئاجايىپ كۆركەم تاجۇتەخت لايىھەسىنى سىزىپ پادىشاھقا كۆرسىتىپتۇ. ئۇششاق، مۇرەككەپ ئۆمۈچۈك تورىدەك سىزىقچىلار بىلەن سىزىلغان لايىھەگە كۆزى

يەتمىگەن پادىشاھ ئىش باشلاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئۇستام بارلىق شاگىرتلىرى بىلەن ئەڭ قاتتىق ياغاچلارنى تاللاپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، يېرىم يىل بولغاندا ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بىر تەخت پۈتكۈزۈپتۇ. تەختنى كۆرگەن پادىشاھ خۇشاللىقىدا ئۇستامنى قايتا - قايتا ماختاپتۇ. ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق ياسالغانلىقىنى قايتا - قايتا ئىزھار قىلىپ، بارلىق ئوردا ئەھكاملىرىنى چاقىرىپ تەختنى كۆرسىتىپتۇ. ھەممە بىر ئېغىزدىن تەختنى، ئۇستامنى مەدھىيەلەپ، ئۇستامغا قانچىلىك ھەق بېرىش، قانداق ئۇسۇلدا قايتۇرۇش توغرىسىدا كېڭىشىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر سۆز قىستۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ. «ئۇستام بۇ تەختنى ھەقىقەتەن بارلىق ھۈنىرىنى سەرپ قىلىپ ياسىدى. قوشنا ئەل پادىشاھلىرىمۇ بۇ ئىشىمىزدىن خەۋەر تېپىپ ياساتقان تەختىمىزگە قىزىقماقتا. ئۇستامنى ئۆز ئېلىگە قايتۇرساق، بۇگۈن ئۆتۈپ ئەتە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەختلەرنى ياساپ بىز ياسىغان تەختنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا، ئۇستامنى بىر ئىلاج قىلىپ، بىزنىڭ ئەلگە پۇقرا بولۇشقا كۆندۈرسەك، ئەگەر رەت قىلسا خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئۇزاتساق، بالا - چاقىلىرىنى ياخشى رازى قىلساق ھېچقانداق پىكىر چىقماس» دەپتۇ. بۇ تەكلىپ ئوردا ئەھلىگە بولۇپمۇ پادىشاھقا بەك يېقىپتۇ. ئاق كۆڭۈل ئوردا مەسلىھەتچىسى بۇنداق يېتىشكەن كاسىپنىڭ بىئەجەل يوق بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، خەت يېزىپ ئۇستامنى خەۋەرلەندۈرۈپ

قويۇپتۇ. ئۇستام پادىشاھنىڭ نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن تەختنىڭ مەركىزىي تۆۋرۈكىدىكى بىر دانە پاننى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇستامنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ كۆپ ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئۆز شەھىرىدە قېلىشنى، ئىلتىپات كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— رەھمەت دەپتۇ ئۇستام، — ئاتا - ئانامنىڭ تۇپرىقى بار. كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن زېمىندىن قانداق ئايرىلغۇم كېلىدۇ؟ ئىلتىپاتلىرىڭىزغا، تارتۇقلىغانلىرىڭىزغا مىڭ رەھمەت، — دەپتۇ - دە گەپنى ئۈزۈپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىگە ئىككىنچى پىلاننى قانداق ئورۇنداش توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلغاچ تەختنىڭ يېنىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا تەخت بىر تەرەپكە قىڭغايغان ھالەتتە تۇرارمىش.

ئۇ دەرھال ئۇستامنى چاقىرتىپ، تەختنىڭ قىڭغايغان ھالىتىنى تۈزەپ بېرىشنى سوراپتۇ.

ئۇستام: «شاھىم، يانلىرىغا كېلىشكە ئالدىراپ بۇ جايغا ئورىدىغان دوك پاننى ئۆيدە ئۇنتۇپ قالغان ئىكەنمەن. شۇ پاننى ئېلىپ كېلىپ جايىغا ئورسام ئوڭشىلىدۇ» دەپتۇ. پادىشاھ يوق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇستامنى ئۆيگە بېرىشتىن توسۇپتۇ. ئۇستامنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرنى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۇستامنىڭ ئۆيىگە «دوك پانا» ئېلىپ كېلىشكە يولغا سېپتۇ. ئۇستام ئۆيىدىكىلەرگە: ئادىي قىلىپ تۆۋەندىكى سالام خەتنى يېزىپ

بېرىپتۇ:

## سالامنامە:

بالا ـ چاقىلىرىم، قولۇم ـ قوشنىلارغا:

مەن سالامەت. ئوڭ قول ۋەزىر جانابلىرىنى ئالدىڭىزلارغا ئەۋەتتىم. سوۋغا ـ سالاملارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ياخشى مېھمان قىلىپ، «دوڭ پانا» ئېلىپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن. گەپ تامام، ۋەسسالام.

ئوڭ قول ۋەزىر كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، تۆتىنچى كۈنى ئۇستام بار شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. سوۋغا ـ سالاملار بىلەن خەتنى ئۇستامنىڭ ئايالىغا تاپشۇرۇپتۇ.

مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان ئايال بالا ـ چاقىلىرىنى يىغىپ، خەت ئۇستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپتۇ. «ياغاچچى ھېچقاچان پاننى ئۆيدە قويمايدۇ. كەكە پانا ياسايدىغان قورال، داداڭلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەن ئوخشايدۇ. داداڭلارنىڭ دوڭ پانا دېگىنى مەن ئۇچۇن مۇشۇ كىشىلەرنى تۇتۇپ تۇرۇڭلار دېگىنى. شۇڭا بۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇشىمىز لازىم» دەپتۇ. تاڭ يورۇپتۇ. مېھمانلارنى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ئارقا ھويلىدىكى باغقا باشلاپ كىرىپ، يانلىرىدىكى ئەسۋاب ـ سەرەمجانلارنى ئالدۇرۇپ تاشلاپ، ناھايىتى ئېگىز سۆۋادان تېرەكتىن بىرنى ئۆرۈتۈپ، ھەربىرىنىڭ پاچىقى پاتقۇدەك تۆشۈك

تەشتۈرۈپتۇ، ئارقىدىن قاپ ئۇتتۇرىسىدىن تىلدۈرۈپ، قىرىق ئادەمنى ئىككى قاتار قىلىپ كاماغا پۇتىنى سولاپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى تەرەپكە قاغا تۇمشۇق قىلىپ، ئىككى دانە چوڭ قولۇپنى سېلىپ ياخشى ئەپلەشتۈرۈپتۇ. ۋەزىر باشلىق ھەممىسى «دوك پانا مۇشۇنداق ئوخشايدۇ» دەپ، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مىدىرلاشتىن مەھرۇم بىر ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى سېزىپتۇ. ۋەزىر ئايالغا پوپوزا قىلىپتۇ، يالۋۇرۇپتۇ. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ شۇنچە مەخپىي پىلانىنىڭ مۇنچە بالدۇر پاش بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيرانۇھەس قاپتۇ. ئۇستامنىڭ ئايالى ۋەزىرگە قاراپ:

— دوك پانا دېگەن مانا شۇ! ئېرىم قاچان قايتىپ كېلىدىكەن، ئاندىن سەنلەرنى قويۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ. ئالتىنچى ئاي مەزگىللىرى ئىكەن، ئۇلار ھېچقانداق دالدىسى يوق جايدا ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ئاپتاپسىنىشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى سۆزنى پادىشاھتىن ئاڭلايمىز. ئوڭ قول ۋەزىر كەتكىنىگە بىر ئاي توشۇپتۇ. ئارىلىقى تۆت كۈنلۈك يولدا بىر ئاي ئىز - دېرەكسىز يوقالغان ۋەزىرگە غەزىپى كەلگەن شاھ ئۆز ئوغلىغا 100 دەك ئەسكەر قوشۇپ سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۇستامنىڭ ئۆيى بار شەھەرگە يولغا سېلىپتۇ. ئۇستام ئاۋۋال يېزىپ بەرگەن مەزمۇندا ئائىلىسىگە خەت يېزىپ بېرىپ خاتىرجەم يۈرۈۋېرىپتۇ.

دانىشمەن ئايال شاھزادىنىمۇ يان ھويلىسىدا بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي كۆتەككە تارتىپ قويۇپتۇ. چۆچكىمىزدىكى

ئىككىنچى قېتىم كەلگەن مېھمانلار ئاپتاپسىنىپ تۇرسۇن، گەپنى پادىشاھ تەرەپتىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ ئوغلى كېتىپ ئون بەش كۈن بولغاندا قەتئىي خاتىرجەم بولالماي ئۆزى بېرىش قارارىغا كېلىپ، نۇرغۇن غۇلاملارنى ئېلىپ، ئۇستامنىڭ ئۆيى بار شەھەرگە كېلىپتۇ. قوشنا ئەل پادىشاھىنىڭ ئۆز ئېلىگە كەلگىنىنى بىلگەن ئۇستامنىڭ يۇرتىنىڭ پادىشاھى ئالاھىدە ئالدىغا چىقىپ ئىززەت - ئىكراملار بىلەن كۈتۈپتۇ. لېكىن، پادىشاھ ئۆز بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلىرىنى سۆزلىگەچ كۆز ياشلىرىنى دەريادەك ئېقىتىپتۇ. بۇنى بىلگەن پادىشاھ بىر مۇنچە ئۆزرە ئېيتىپ، دەرھال ئۇستامنىڭ ئايالىنى ئوردىغا كەلتۈرۈپ سوۋغا - سالام بېرىپتۇ ھەمدە ئىككى قېتىم سوۋغا - سالام بىلەن ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۇستامنىڭ ئايالى ئەلچىلەرنىڭ كەلمىگىنىنى، ئۆز ئېرىنىڭ بىر يىلدىن بېرى ھاياتلىقىدىن خەۋەرىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ. شاھزادىنىڭ ئاتىسى ئۇن قويۇپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. شاھنىڭ بىسەرەمجان ئەھۋالىغا ئىچى ئاغرىغان پادىشاھ مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئالدىدىكى ھويلىدا قىرىق ئادەم، كەينىدىكى ھويلىدا يۈز ئادەمنىڭ كۆتەككە تارتىلىق تۇرغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ ئاتىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇستامنىڭ ھويلىسىغا بېرىپتۇ. ئۆز ئوغلىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپتۇ.

ئۇستام بار شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۇستامنىڭ ئايالىغا:

ــ بۇلارغا نېمىشقا مۇنچىۋالا جاپا سالدىڭىز؟ ــ دېگەنىكەن، ئايال چوڭقۇر تەزىمدىن كېيىن ئۇستام ۋەزىردىن ئەۋەتكەن سالام خەتنى پادىشاھنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ. پادىشاھ خەتنى كۆرۈپ بۇ خەتتىن ھېچنېمىنى سېزەلمەپتۇ. «بۇ خەتتە سىز دېگەندەك قىلىڭ دېگەن سۆز يوق ئىكەنغۇ؟» دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

ــ ياغاچچىنىڭ كەكسى ھەر قانداق پاننى ياسايدۇ، ــ «دوڭ پانا» دېگىنى بېشىمغا كۈن چۈشتى، ئالدىڭغا بارغانلارنىڭ ھەممىنى مەن ئۇچۇن تۇتۇپ تۇر دېگىنى. شۇڭا، ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مۇشۇنداق قىلدىم، ــ دەپتۇ ئايال.

ئۇستامنىڭ ئايالىنىڭ دانالىقىغا، تەدبىرىگە قايىل بولغان قوشنا ئەل پادىشاھى ئۆز قىلمىشلىرىغا كۆپ پۇشايمانلارنى قىلىپ، ئۇستامنى تولۇق رازى قىلىپ تىنچ ـ ئامان قايتۇرغان ئىمىش. شۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئىچىدە: «ئورنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر» دېگەن ماقال تارقالغانىكەن.[1]

ئېيتىپ بەرگۈچى: مىجىت ساتتار

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەت قۇربان

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 4 ـ سانى، 115 ـ بەت.

# نەق ۋە نېسىنىڭ بايانى

بۇرۇن بۇرۇندا، توقماق تۇلۇمدا، يېتىم بۇلۇڭدىكى چاغدا نۇر ۋە تۇر ئىسىملىك ئاكا ـ ئۇكا ئۆتكەنىكەن. ئۇلار چوڭ بولۇپ، ئەقلى ـ ھوشى ئوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، دادىسى ئىككى ئوغۇلغا ئون يارماقتىن بېرىپ، كىمنىڭ ئەقلى بولسا باي بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ياقا يۇرتقا سودىگەرلىككە يولغا سايتۇ. ئۇلار سەپەر ئۈستىدە بىر جان، بىر تەن بولۇپتۇ. سودىسى روناق تېپىپ خۇش بولۇپتۇ. بارغانسېرى تەن قويۇپ ئېگەكلىرى قوش بولۇپتۇ. بارغان يېرى پەرغانە، ئەنجان، ئوش بولۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ تۇراخۇن ئۆزگەرگىلى باشلاپتۇ. بۇرۇنقى مىجەزىنى تاشلاپتۇ. پۇلنى تېخمۇ جىق تاپىمەن دەپ، مېلىنى قىممەت ھەم نېسى سېتىپتۇ. نۇراخۇن بۇرۇنقىدەك ئەرزان، ئەمما نەق سېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ «نېسى تۇراخۇن»، «نەق نۇراخۇن» دېگەن نامى ئەتراپقا پۇر كېتىپتۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن، نۇراخۇن بىلەن تۇراخۇن ھەربىرى ئىككى تۆگىدىن مال ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئۆز ئالدىغا سودا قىپتۇ. نەق نۇراخۇن مېلىنى ئەرزان، بىراق نەق سېتىپ ئوتتۇز كۈندە تۈگىتىپتۇ. نېسى تۇراخۇن بولسا قىممەت ھەم نېسى سېتىپ

توققۇز كۆندە تۆگىتىپتۇ. ئەق نۇراخۇن يەنە مال ئېلىپ كېلىپ، «ئاش بەرگەن قازان» نى چاقماي سېتىپ تۆگىتىپتۇ. نېسى تۇراخۇن نېسى قالغان پۇللىرىنى يىغىپ بولالماي، ھەلەكچىلىكتە داۋاملىق مال ئېلىپ كېلىپ سېتىشتىن توختاپ قاپتۇ. ئاي ئۆتۈپ يىل كەلگەندە ئەق نۇراخۇن بېيىپ كېتىپتۇ. نېسى تۇراخۇن پۇللىرىنى يىغىپ بولالماي تولا قاتراپ ھېرىپ كېتىپتۇ. «ئەتكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.[1]

ئابدۇرېھىم يۇنۇس توپلىغان

[1] «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 4 - سانى، 118 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## گۇناھ كىمدە؟

بۇرۇنقى زاماندا، زېمىننىڭ ئۈستى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىگە ئوخشايدىكەن، ھايۋانلارنىڭ تېرىسىگە قېنىق تۈك چىققانغا ئوخشاش يەرنىڭ يۈزىگە ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەر ئۈنۈپ چىقىپ ھېچبىر يېرى ئاق قالمايدىكەن. ۋاقتى - قەرەلىدە يامغۇر يېغىپ، يوپۇرماق، ئوت - چۆپلەرنىڭ يۈزىنى يۇيۇپ تۇرىدىكەن. ئادەم، ھايۋانلار توپا - توزان كۆرمەي پاكىز - ئازادە ھايات كەچۈرىدىكەن.

مېۋىلىك دەرەخلەردە مەي بولۇپ پىشقان ھەرخىل مېۋە - چېۋىلەر ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ دائىملىق ئوزۇقى ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى مايمۇنلار پادىشاھى سەيلىگە چىقىپتۇ. ئۇنى يەپ، بۇنى يەپ راسا تويغاندا مايمۇن پادىشاھىنىڭ ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ ئالما دەرىخىنىڭ ئۇچىدىكى بەش دانە قىپقىزىل ئالمىغا كۆزى چۈشۈپتۇ - دە، ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ يېگۈسى كەپتۇ.

ئۇ ئالمىغا يامىشىپ ئالاي دەپ تۇرۇشىغا قاتتىق بىر شامال چىقىپ بەش ئالما يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بۇنىڭدىن مايمۇن شاھىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، كۆزى

پارقىراپ، چېشلىرى گىرىچلاپ كېتىپتۇ. لېكىن شامال چىقىشىدىن دەرەخ شاخلىرى لىڭشىپ، مايمۇن شاھنىڭ ئاچچىقىغا پىسەنت قىلماپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى كاللىسىغا «گۇناھ دەرەختە» دېگەن خىيال كىرىپ كەپتۇ:

بىرىنچى، ئالمىنى ماڭا بەرمەي يەرگە تاشلىۋەتتى.

ئىككىنچى، شامال چىقىرىپ مېنىڭ ئاچچىقىمغا پىسەنت قىلمىدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئورمان ـ دەرەخلەرنى يەر يۈزىدىن يوقىتىش كېرەك.

مايمۇن پادىشاھ بۇ ئەنتىنى ئېلىش ئۈچۈن خۇداغا يالۋۇرۇپتۇ، ئاقماپتۇ. قۇياشقا ئەرز قىپتۇ، سورىماپتۇ. بۇلۇتقا مۇراجىئەت قىپتۇ، دەككىسىنى يەپتۇ. قۇشلاردىن ياردەم سورىسا، قوشۇلماي، قارشى چىقىپتۇ.

ئۇ بىرەر چارە تېپىش ئۈچۈن دەرەختىن ـ دەرەخكە سەكرەپ سەپەرگە چىقىپتۇ، بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ يەرگە سىنچىلاپ قارىسا، بىر تۈپ قاپاق تېرەكنىڭ ئاستىدا بىر توپ ئادەم بىر يەرگە جەم بولۇپ، گۆش پىشۇرۇپ يەۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن مايمۇن شاھ ئادەملەرگە ئېگىلىپ سالام بېرىپ، قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ چىشلىرىنى چىقىرىپتۇ. ئادەملەر ئۇنى كۈتۈپ، مېھمان قىلىپ ئۆز پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ مايمۇن شاھنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزئارا پىكىر

ئالماشتۇرۇپتۇ. مايمۇن شاھ ئورمان ئۇستىدىن گەپ ئېچىپ:

ــ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا جاي، مېڭىشىمىزغا يول بەرمىدى، ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ بەزى ئادەملەر ئويغا چۆمۈپتۇ. بەزى ئادەملەر دەرگۇماندا بوپتۇ. بەزىلەر جىم تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ مايمۇن شاھنىڭ دېگەنلىرىنى قۇۋۋەتلەپتۇ.

مايمۇن شاھ پادىشاھقا:

ــ ئالىيلىرى، ئادەملەر مەندىن ئەقىللىق، ئۆزلىرى ئادەملەردىن ئەقىللىق، ئورمانلارنى يوقىتىشقا بىرەر چارىلىرى يوقمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ بار، ــ پادىشاھ ھەممە كىشىلەرگە ئورماننى كولاش، كېسىش، ئوت قويۇپ يوقىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

ئورمانلار كولىنىپ، كېسىلىپ، كۆيۈپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەر يۈزىدىن تۈگەشكە ئازلا قاپتۇ.

قۇشلار تېزىپ كېتىپتۇ، ياۋايى ھايۋانلار يىراق جايلارغا قېچىپتۇ. مايمۇنلار تۇرۇشقا ئورمان يوق سەرسان - سەرگەردان بولۇپ، ئورمانلىق ئىزدەپتۇ. ئادەملەر تۆگە، ئېشەكلەرگە مىنىپ سەپەر قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئورمانلار تۈگەپ يەر يۈزى ئاپپاق كۆرۈنۈپ قالغاندىن كېيىن، شامال بوران بولۇپ چىقىپتۇ. توپا - چاڭلار بېسىلماپتۇ.

بىر قېتىم قاتتىق بوران چىقىپ، قالدۇق دەرەخلەرنى سۇندۇرۇپ ئالەمنى مالەم قىپتۇ. نۇرغۇن ئادەم، مايمۇن جېنىدىن

ئىرىلىپتۇ.

سانى ئاز، تۇرمۇش كەچۈرۈشى قىيىن بولغان ئادەملەر پادىشاھنى تۆگىگە مىندۈرۈپ، ئالتە ئاي يول يۈرۈپ كىچىك بىر ئورمانلىققا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار يوك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئارام ئېلىشقا جاي راسلاۋاتسا، مايمۇن شاھ بىر دەرەخنىڭ ئۈستىدە ھومىيىپ ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ قاغاپ كېتىپتۇ:

— شەيتان ئەمگەن مەككار، يىقىلىپ ئۆلەرسەن ئىلاھىم، — مايمۇن بوش كەلمەپتۇ:

— ئورماننى ئادەملەر كولاپ كېسىپ، ئوت قويدىڭمۇ؟!

— سەن ئورمان ئۈستىدىن شىكايەت قىلدىڭمۇ؟

— سېنىڭ كاساپىتىڭ.

— بۇ زېمىننى قاقاسلىققا ئايلاندۇرغان سەن.

پادىشاھ بىلەن مايمۇن شاھ بىر - بىرىنى ئەيىبلەپ جېدەللىشىۋاتقاندا، ھاۋا بۇزۇلۇپ، بوران چىقىپتۇ. ئىككى شاھ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. شامال توختىغاندا بىر توپ قۇش كېلىپ دەرەخ شاخلىرىغا قونۇپ ئۆز ئارا سۆھبەتكە چۈشۈپتۇ:

— ئورمانلارنى كولىغان كىم؟

— ئادەم.

— ئورمانلارنى كەسكەن كىم؟

— ئادەم.

— ئورمانلارغا ئوت قويغان كىم؟

— ئادەم.

پادىشاھ قۇشلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پادىشاھ بولغانلىقىغا ئىنتايىن پۇشايمان قىپتۇ. مايمۇن پادىشاھ «ئادەم»، «ئادەم» دېگەن جاۋابنى قايتا - قايتا ئاڭلاپ تەخىيى ئىككى چىشلىق بولۇپتۇ - يۇ، ئۆزى ئەركىن يايراپ يۈرىدىغان كەڭ ئورمانلىقتىن ئايرىلغانلىقىدىن قان كېتىپ توختىماپتۇ.

قۇشلار سۆھبەتنى داۋام قىپتۇ:

— ئادەملەردىن ئەنتىمىزنى ئالامدۇق؟

ھۇۋقۇش:

— مەن ئالىمەن.

بۇلبۇل، كاككۇك، كەپتەر، قارلىغاچ، قارا قۇشقاچ، ئاق قۇشقاچ، سوپىسوپىياڭ، ھۆپۈپ، تۆمۈر تۇمشۇقلار:

— ياق، بىز ئادەملەرنىڭ ئۆز خاتالىقىنى تۈزىتىشىگە ئىشىنىمىز، ئۇلارغا ياردەم بېرەيلى، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئادەملەر ياشاۋاتقان جايلارغا ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، گىلاس، ئەنجۈر، ئانار، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئەكىلىپ بېرىپتۇ. ئادەملەر باغ قىلىپ تام سوقۇۋاپتۇ. ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىنى ھويلىسىغا تىكىپ چوڭ قىلىۋاپتۇ. تېرەك، سۆگەتلەرنى ئۆي ئەتراپىغا، ئېتىز قىرلىرىغا قويۇپ بوستانلىقلارنى ياساپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دەل - دەرەخ، ئورمانلار كۆپىيىپ، بۇ دۇنيا

ياپيېشىل، قۇشلار سايراپ تۇرغان گۈل - گۈلىستانغا ئايلانغانىكەن.[1]

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەرھۇم ھېيت ئىسلام ھاجى

رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن ھېيت

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى.

# يالغان «ساداقەتلىك» دوست

بۇرۇنىسىدا رازاق ئىسىملىك ساددا، ئاق كۆڭۈل بىر يىگىت ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆزى يالغۇز ـ تەنها قالغانىكەن. ئۇنىڭ يېزىدا كىچىككىنە بىر باغچىقى بار ئىكەن. ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ، كەچ يېتىپ كۈن بويى كۆيۈپ ـ پىشىپ بېغىدا ئەمگەك قىلىدىكەن. كۆڭلى خۇشال ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭ ۋارىس ئىسىملىك بىر دوستى بار ئىكەن. بۇ دوستى باھار كېلىپ گۈللەر ئېچىلىشى بىلەن رازاقنىڭ قېشىغا پات ـ پات كېلىپ، گۈللەرنى ئۈزۈپ ئېلىپ كېتىدىكەن. يازدا مېۋە پىشقاندا ئۆرۈك، شاپتۇللارنى سېۋەتكە قاچىلاپ ئېلىپ كېتىدىكەن ھەمدە ۋارىس دائىم رازاققا:

— ھەقىقىي ساداقەتلىك دوستلار سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمەيدۇ، — دەيدىكەن.

رازاق بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ناھايىتى تەسىرلىنىدىكەن.

بىر يىلى قىش كېلىپ ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بوپتۇ. رازاق تۇرمۇشتا كۆپ قىينىلىپتۇ. رازاقنىڭ ساداقەتلىك دوستى ۋارىس بۇنىڭ قېشىغا كېلىپمۇ باقماپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ. رازاق ناھايىتى غېرىبلىق ھېس قىپتۇ. قىينىلا ـ قىينىلا

قىشنىمۇ چىقىرىپتۇ.

بىر كۈنى ۋارىسنىڭ خوتۇنى ئېرىگە:

— ئۇزۇن بولدى رازاقنىڭكىگە بېرىپ يوقلاپمۇ كەلمىدىلە، دوست دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— قىش كىرگەندە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىش ھاجەتسىز، تەنھا بىر ئادەم يالغۇزچىلىقتا ئۆز غېمى بىلەن قالسا، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئاۋارە قىلىش تولىمۇ ئەخمەقلىق. شۇڭا باھار كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ گۈل - چېچەكلەر ئېچىلغاندا ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا ھال سوراشقا بارىمەن. ئۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىمگە خۇرسەن بولۇپ، بېغىدىن ئوبدان ئېچىلغان چىرايلىق گۈللەرنى ئۈزۈپ بېرىدۇ، — دەپتۇ.

ۋارىسنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىچىك ئوغلى دادىسىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ساددىلىق قىلىپ دادىسىغا:

— ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن رازاق ئاكامنى ئۆيىمىزگە چاقىرىۋالمايمىز؟ — دەپتۇ.

ۋارىس ئوغلىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى ئالايتىپ:

— سەن نېمىنى بىلىسەن؟ ئولتۇرۇشۇڭنى ئولتۇر. سىڭگەن نېنىڭنى يە. رازاق ئۆيىمىزگە كېلىپ قالسا، ئۆيىمىزدىكى يوتقان - كۆرپە ۋە باشقا ئۆي سەرەمجانلارغا كۆزى چۈشۈپ رەشكى كېلىدۇ، كۆرەلمەيدۇ. كۆرەلمەسلىك ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، ئۇ چاغدا دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىپ

قالىدۇ، شۇڭا ئەزەلدىن مەن ئۇنى ئۆيگە چاقىرمايمەن. مەن ئۇنىڭ ئەڭ ساداقەتلىك دوستى. ھەر جايدا، ھەر ئىشتا مەن ئۇنىڭ غېمىنى يەيمەن. ئەمما ئۇ ئۆيىمىزگە كېلىپ قالسا «سوغۇقتا قىينىلىپ قالدىم. ئۇنى بېرىپ تورساڭ، بۇنى بېرىپ تورساڭ» دەپ مېنى خىجىل قىلىدۇ. ئەگەر قەرز بېرىپ تورسام، كېيىن ئۇنىڭدىن ئالالمىسام قانداق قىلىمەن؟ — دەپتۇ.

ۋارىسنىڭ خوتۇنى ئېرىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— سىلە گەپنى ناھايىتى توغرا ئېيتتىلا. دوستلۇق ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك. سىلە خۇددى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك سۆزلىدىلە، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ۋارىس پۇتۇن بىر قىش چىقىپ كەتكۈچىلىك رازاقنىڭ ئۆيىگە يولاپ باقماپتۇ. قىش كېتىپ باھارمۇ كەپتۇ. گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپتۇ. شۇ چاغدا ئاندىن ۋارىس ياخشى دوستى رازاقنىڭكىگە بېرىپ، ئۇنى يوقلاپ كەلمەكچى بوپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى نېمىدېگەن تۈز - ھە! سىلىنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئويلايدىغانلىرى پەقەت دوست، ئاغىنە. بۇنداق قىلىش ناھايىتى ياخشى خىسلەت. ئۇنداقتا سىلە ئۇ يېقىن دوستلىرى رازاقنىڭكىگە بارماقچى بولغان ئىكەنلا، چوڭ سېۋەتنى ئېلىۋالسىلا، ئۇبدان ئېچىلغان چىرايلىق گۈللەردىن ئېلىپ كېلىشكە لازىم بولار، — دەپتۇ.

ۋارىس سېۋەتنى كۆتۈرۈپ، رازاقنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. راززاقنى

كۆرۈپلا:

ــ ئەي مېھرىبان دوستۇم رازاق! ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ ھال ـ ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ھەئە، ياخشى! سەنمۇ ئوبدان تۇرغانسەن، ــ دەپ ئوچۇق چىراي جاۋاب بېرىپتۇ رازاق.

ۋارىس رازاققا كۆيۈنگەندەك قىلىپ دەپتۇ:

ــ دوستۇم قىشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋالغانسەن؟

ــ سېنىڭ ماڭا مۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلگىنىڭگە رەھمەت.

ۋارىس رازاقنىڭ رەھمەت ئېيتقىنىغا قاراپ:

ــ مۇدھىش قىش كېتىپ، مانا ئەمدى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن باھارمۇ يېتىپ كەلدى. قارىسام بېغىڭدا گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىپ، باغنى كۆپكۆك مەنزىرە قاپلاپتۇ. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ خۇشلۇقۇم ئىچىمگە سىغماي قالدى. مەن قىشچە سېنى بەك ئەسلىدىم. ھە نېمە بولسا قىشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋاپسەن.

ــ ھەئە شۇنداق. تېخى مەن سېنى قىش كىرىشى بىلەن مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

ــ ھەي دوستۇم مۇنداق گەپنى قىلما. «دوست» دېگەننى ئۇنتامدىغان. «دوست دېگەن ئىككىنچى تۇغقان» دەپتىكەن. مەن دوستلۇقنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن.

رازاق ۋارىسنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ:

ــ تەلىيىمگە بۇ يىل گۈللەر ناھايىتى بۇك ـ باراقسان

ئۆسۈپ، مۇشۇنداق چىرايلىق ئېچىلىپ كەتتى. گۈللەرنى سېتىپ قول هارۋامنى قايتۇرۇپ كېلەي دەۋاتىمەن.

ۋارىس بۇ گەپنى ئاڭلاپ هەيران بولۇپ:

— گۈلنى سېتىپ قول هارۋامنى قايتۇرۇپ كېلەي دەۋاتامسەن؟ هەي هاماقەت! هارۋاڭنى قاچان سېتىۋەتكەن.

— دوستۇم ساڭا مەلۇملۇق. بۇ يىل سوغۇق بەك قاتتىق بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە ئوزۇق ـ تۈلۈك تۈگەپ قېلىپ، ئىلاجسىزلىقتىن قول هارۋامنى سېتىۋەتكەن. ئەمدى گۈللەرنى سېتىپ قول هارۋامنى قايتۇرۇپ كېلەي دەۋاتىمەن.

ۋارىس چوڭ بىرنى تىنىپ، رازاقنىڭ دولىسىغا بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ:

— ئۇنداق بولسا بىزنىڭ ئۆيدىكى قول هارۋىنى ساڭا بېرەي. بىراق ئۇ هارۋا كونىراق. بەزى جايلىرى بوشاپ، بەزى جايلىرى سۇنۇپ كەتكەن. ئۇ هارۋىنى ساڭا بېرىۋەتكىنىمنى كىشىلەر ئاڭلىسا بەلكىم مېنى هاماقەت ئىكەنسەن، هارۋاڭنى بىكارغا بېرىۋېتەمسەن، دېيىشى مۇمكىن. پەقەت مەرد ئادەملا مۇشۇنداق قىلىدۇ. مەرلىك دوستلۇقنىڭ ئاساسىي ئامىلى. دوستۇم سەن خاتىرجەم بول. مەن هارۋىنى ساڭا بېرىۋېتەي!

رازاق بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ناهايىتى خۇشال بولۇپ سوراپتۇ:

— دوستۇم، مۇشۇ گەپنى راستتىن ئېيتىۋاتامسەن؟

— دوستىغا راست گەپ قىلماي يالغان گەپ قىلامدىغان، ئەمما ئۇ هارۋىنى رېمونت قىلمىساق بولمايدۇ.

— گېپىڭ راست بولسا، مەندە يوغان بىر دانە جەگە ياغاچ بار. ھارۋىنىڭ بۇزۇلغان يېرىنى مەن ئۆزۈم ئوڭشىۋالاي.

ۋارىس جەگە ياغاچنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى سۆيۈنۈپ كېتىپ:

— يائاللا، مەن ئاشۇنداق جەگە ياغاچ ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماي يۈرەتتىم. ئۆيۈمنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئۈستىدىكى بىر جەگە ياغاچ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. سەن ماڭا بۇ ياخشى خەۋەرنى ئېيتتىڭ. ھارۋىنىڭ بۇزۇلغان يېرىنى تۈزەشكە ئۈنچىۋالا يوغان ياغاچ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كىچىكرەك ياغاچ بولسىمۇ بولىدۇ. ياغاچنىڭ كارى چاغلىق. ئەمما دوستلۇقنىڭ باھاسى يوق.

رازاق ۋارىستىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپلا ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ يوغان بىر تال جەگە ياغاچنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. ۋارىس ياغاچنى كۆرۈپ دەپتۇ:

— بەللى يارايسەن دوستۇم، مەن ئەمدى قول ھارۋىنى ساڭا بېرىۋېتىدىغان بولدۇم. ئەمدى سەن مېنىڭ ئېلىپ كېتىشىمگە بىر سېۋەت گۈل ئۈزۈپ بېرەرسەن، ھەقىچان.

رازاق ۋارىستىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ گەپ ـ سۆز قىلماستىن تۇرۇپلا قاپتۇ. ۋارىس يەنە مەككارلىق قىلىپ:

— مەن ساڭا قول ھارۋامنى بېرەي دېگەندىن كېيىن، بىر سېۋەت گۈل ئۈزۈپ بېرىشكە ئېغىز ئاچمىسام بولاتتى. ئەمما دوستلۇقتا سېنىڭ ـ مېنىڭ دەپ خۇسۇسىي پايدا ـ مەنپەئەتنى

كۆزلەش، كەلدى ـ باردىنى سورۇشتۇرۇش ئەسلا بولمايدىغان يامان ئىللەت!

رازاق ۋارىستىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ھەي ۋاپادار دوستۇم! ئۇنداقتا باغدىكى گۈلۈمنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ھەم سېنىڭ. بىر ـ بىرىمىزدىن نېمىنى ئايايتتۇق، — دەپ ۋارىسقا بىر سېۋەت گۈل ئۈزۈپ بېرىپتۇ.

ۋارىس گۈلنى، ياغاچنى كۆتۈرۈپ:

— خەير ـ خوش سۆيۈملۈك رازاق، يەنە كۆرۈشەرمىز، — دەپ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە رازاق باغدا ئىشلەشكە ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ۋارىس كەپتۇ:

— ھە دوستۇم، ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىغان بىر تاغار ئۇن بار ئىدى. شۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىشىپ بېرىشكە ياردەملەشسەڭ، — دەپتۇ.

رازاق ماقۇل بولۇپ ياردەملىشىپتۇ.

ۋارىس ئۈچىنچى كۈنى يەنە كەپتۇ. رازاقتىن ئەھۋال سوراپ:

— دوستۇم سېنى يەنە ئاۋارە قىلغىلى كەلدىم. سەن بەرگەن ياغاچتا ئاشخانا ئۆيۈمنىڭ ئۈستىنى ئوڭلىماقچى ئىدىم. سەن بېرىپ ياردەملەشسەڭ، — دەپتۇ. رازاق ماقۇل بولۇپ ياردەملىشىپتۇ. ۋارىس مۇشۇنداق قىلىپ رازاقنى ئارقا ـ ئارقىدىن بىر مۇنچە ئىشقا سالپتۇ. ھەر قېتىمدا «دوستلۇق» نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، دوستلۇق توغرىسىدا ھەرخىل ياغلىما

گەپلەرنى سۆزلەپ تۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى قاتتىق شىۋىرغان بولۇپ، يامغۇر بىلەن بوران گىرەلىشىپ ئادەمنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان سوغۇق بوپتۇ. شۇ كېچىسى بىر كىشى رازاقنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. رازاق ئويغىنىپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، يەنە ھېلىقى قاقۋاش دوستى ۋارىس بىر قولىدا ئاسما چىراغ كۆتۈرۈپ، يۈز - كۆزلىرى توپا - تەرەت تۇرىمىش. رازاقنى كۆرۈپلا ئۇ:

— ئېھ ساداقەتلىك دوستۇم. ھازىر ماڭا بىر پېشكەللىك كەلدى. كىچىك ئوغلۇم ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، پۇت - قوللىرى ئېغىر زەخىملىنىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇنى دەرھال تېۋىپقا كۆرسەتمىسەك بولمايدۇ. تېۋىپنى چاقىرغىلى مەن باراي دېسەم يول يىراق. بېرىپ - كەلگۈچە ئوغلۇمدىن ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇتلۇق، يامغۇرلۇق ھاۋا بولدى. سەندىن خۇرسەن بولسام، قول ھارۋامنىمۇ ساڭا بەرسەم، دەرھال بېرىپ تېۋىپنى چاقىرىپ ئەكىلىپ بەرسەڭ، — دەپتۇ.

رازاق دوستلۇق يۈزىسىدىن ھېچبىر سەۋەب كۆرسەتمەستىن ماقۇل بولۇپ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ تۇرۇپ:

— مەن ئەمىسە ماڭاي، ئادەم بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئالدى بىلەن يېقىن دوستى ئېسىگە كېلىدۇ. ماڭا ئىشىنىپ مېنى ياردەمگە چاقىرىپ كەپسەن. ھازىر كېچە، قاراڭغۇدا ئېگىز - پەس، ئويمان - چوڭقۇر يولنى پەرق ئېتىپ ماڭماق تەس. قولۇڭدىكى چىراغنى ماڭا بەر. چىراغ يورۇقىدا يولنى پەرق

ئېتىپ ماڭاي، — دەپتۇ.

— ھەي دوستۇم، قانداق قىلىش كېرەك. بۇ چىراغنى تېخى ئۇلۇشكۇن يېڭىدىن ئالغانىدىم ...ئەمدى ...ئەمدى... — دەپ گاچىلىشىپ چىراغنى بەرگۇسى كەلمەپتۇ. رازاق بۇ ئەھۋالدىن ئۇنىڭ نىيىتىنى بىلىپ:

— ئەمىسە بوپتۇ دوستۇم، قاراڭغۇ بولسىمۇ ئىلاج قىلىپ يەم بىلەن يول تېپىپ ماڭارمەن، — دەپلا، ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاراڭغۇدا بىر ئېگىز، بىر پەس دەسسەپ، ھېرىپ - چارچاپ مىڭ تەسلىكتە تېۋىپنىڭ ئۆيىنى تېپىپ، تېۋىپى ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى ئېيتىپ، بىرەر يېرىم دەم ئارام ئالمايلا، تېۋىپنىڭ ئېتىنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ دەرھال يولغا چىقىپتۇ. بۇلار ئاتنى تېز ماڭدۇرۇپ بىر يەرگە كەلگەندە يولنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى پەرق قىلالماي ئات مۇدۇرۇپ كېتىپ، تاغ باغرىدىكى بىر چوڭقۇر ھاڭغا غۇلاپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى بىر پادىچى پادىلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، ھاڭدا ئىككى ئادەم بىلەن بىر ئاتنىڭ جەسىتى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بېرىپ سەپسېلىپ قاراپ رازاقنىڭ جەسىتىنى تونۇپ قاپتۇ. پادىچى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، شۇ يەردىن ئۇچقاندەك بېرىپ ھەقەمسايە، تونۇش - بىلىشلىرىگە خەۋەر قىپتۇ. بۇلار كېلىپ كۆز يېشى قىلىپ، جەسەتنى ئېلىپ كېلىشىپتۇ. يىراق - يېقىندىكى ھەممە خەقلەر كېلىپ يىغىلىشىپتۇ. ۋارىس بېلىگە

ئاق ماتەم بەلۋىغىنى باغلاپ «ۋاي ۋاپادار، ساداقەتلىك دوستۇم» دەپ يىغلاپ، جىنازىنىڭ ئالدىدا هازىدار بولۇپ مېڭىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئاق كۆكۈل رازاق هەر كۈنى هىيلىگەر مەككار ۋارىسىنىڭ چۇشىگە كىرىپ قارا بېسىپ، قورقۇپ جۆيلۈپ چۆچۈپ قوپۇپ كېتىدىغان بوپتۇ. بۇ ئەھۋالنى خوتۇن – باللىرى بىلىپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋارىس ئۆزىنىڭ قىلمىش هىيلىگەرلىك، مەككارلىقلىرىغا پۇشايمان – نادامەت يەپ، بېشى قايغان يەرلەرگە كېتىپ، ئوڭ – تەتۈر سۆزلەيدىغان بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.[1]

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇراخمان هاجى مۆمىن

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئەرشىدىن هاپىز

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 – يىللىق 3 – سانىدىن ئېلىندى.

# ھۇرۇنغا ھالاۋەت يوق

بۇرۇنىسىدا ئىككى ھۇرۇن بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىش ـ ئەمگەك بىلەن خۇشى يوق ئىكەن. بېشى قايغان تەرەپلەرگە كېتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى زار قاقشىتىدىكەن. ھە دېسىلا خىراجىتىگە پۇل دەپ ئاتا ـ ئانىسىنى قىستاپ خاپا قىلىدىكەن. ئاتا ـ ئانىسى بۇ ھۇرۇنلاردىن بىزار بولۇپ، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

بۇ ئىككى ھۇرۇن، دۇنيادا ئىش ـ ئەمگەك قىلماي، جاپا تارتماي ئاسان جان باقىدىغان جايمۇ بارمىدۇ؟ دەپ ئويلىشىپ يۈرۈشىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىشىلەردىن: بۇ جايدىن ئون كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر شەھەر بارمىش. ئۇ جايدا ھەممە نەرسە تولىمىش. كىشىلەر جاپا چەكمەي، راھەتتە كۈن كەچۈرەرمىش، ئۇ جاي خۇددى جەننەتكە ئوخشايمىش. ئەمما ئۇ جايغا پەقەت سۇمۇرغ قۇشلا ئۇچۇپ بارالايمىش، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ گەپ بۇلارنىڭ قۇلىقىغا تازا يېقىپتۇ. بۇلار ئەمدى ئاشۇنداق تەييار مەئىشەتكە ئىگە بولىدىغان جايغا كەتمەكچى بولۇشۇپتۇ ۋە سۇمۇرغ قۇشنى ئىزدەپ تاپماقچى بولۇشۇپتۇ.

بىر كۈنىسى بۇ ئىككى ھۇرۇن سۇمۇرغ قۇشنىڭ تۇرىدىغان

جايىنى تاپماقچى بولۇپ كېتىپ بارسا، يولدا بىر يولۇچى بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بۇلار ئۇ كىشىدىن سۇمۇرغ قۇشىنىڭ تۇرار جايىنى سوراپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئالىرىنى ئېيتىپتۇ.

يولۇچى بوۋاي ئۇلارغا: «سۇمۇرغ قۇشىنىڭ تۇرار جايىنى (ئېزىتقۇ تاغ) دەپ ئاتايدۇ. تاڭ سەھەردىن كۈن ئولتۇرغىچە مۇشۇ يول بىلەن ئۇدۇل ماڭساڭلار شۇ جايغا يېتىپ بارىسىلەر. ئۇ تاغ سۇمۇرغ قۇشىنىڭ ماكانى. شۇ يەرگە بېرىپ بىر جايغا مۆكۈنۈپ تۇرساڭلار، سۇمۇرغ قۇش كېلىپ تاغقا قونىدۇ. سىلەر تەييار بولۇپ تۇرۇپ، قۇشنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ بىر شەپە قىلساڭلار سۇمۇرغ قۇش ئۈركۈپ قوزغالماقچى بولىدۇ. شۇ ئارىدا سىلەر دەرھاللا سۇمۇرۇغنىڭ پۇتىغا چىڭ ئېسىلىۋالساڭلار سۇمۇرغ ئۇچۇپ، سىلەرنى ئاشۇ تەييار مەئىشەت بار جايغا ئېلىپ بارىدۇ» دەپتۇ.

ئۇلار بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇشۇپ يولغا راۋان بوپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، قاتتىق ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، ئاخىر «ئېزىتقۇ تاغ» قا يېتىپ كەپتۇ ۋە بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىپتۇ. سۇمۇرغ قوزغىلىشىغا دەرھاللا ئۇلارنىڭ بىرسى سۇمۇرغنىڭ بىر پۇتىغا، يەنە بىرسى يەنە بىر پۇتىغا چىڭ ئېسىلىۋاپتۇ. سۇمۇرغ ئۈركۈگىنىدىن ئۇلارنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ ئاسماننىڭ قەھرىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. سۇمۇرغ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپتۇ. بۇلارنىڭ بىرسى يەنە بىرسىگە:

— مەن پەقەت چىدىيالمىدىم. بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.

تاقىتىم تاق بولدى. قانداق قىلىمەن؟ — دەپتۇ.
— بارىدىغان جايغا يېقىن كەلدۇق، تاقەت قىل، ئەنە ئۇ جاينىڭ دەل - دەرەخلىرى، ئىمارەتلىرى كۆرۈنۈۋاتىدۇ.
— قېنى قايان تەرەپتە. مەن بىر كۆرۈۋالاي، — دەپ سوراپتۇ.
— ئەنە، قارا! — دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىشى بىلەن تەڭ قولى سۇمۇرغ قۇشىنىڭ پۇتىدىن ئاجراپ كېتىپ، ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.
يەنە بىرسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭمۇ قولى قۇشىنىڭ پۇتىدىن ئاجراپ كېتىپ، بۇمۇ ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككى ھورۇن ئۆلۈپ تۈگىشىپتۇ.①

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇراخمان ھاجى مۆمىن
ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابباس تۇردى

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى.

# زالىم پادىشاھ

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھورۇن، زالىم ۋە جاھىل بولۇپ كۆڭلىگە كەلگەن ھەر قانداق نامۇناسىپ ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ جارچى چىقىرىپ: «كىمىكى ئۆلسە، ئۆلۈكىنىڭ ئىگىسى ئۇنى مازارغا قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ يەتكۈزۈپ دەپنە قىلدۇرسۇن، ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۆزى ئۆلۈمگە، مېلى تالانغا مەھكۇم» دەپ ئېلان چىقىرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بۇ ئەمرى ئەل - يۇرتنى قاتتىق قىيناپ پادىشاھتىن بىزار قىپتۇ. بۇ يۇرتتا ياشقا چوڭراق كەمبەغەل، ئەمما ئاقىل بىر شائىر بار ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ:

— ھە، گاداي، نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

شائىر شۇئان شېئىر ئوقۇپ، كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ خانىۋەيرانلىقىنى، ئاچ - يالىڭاچلىقىنى، تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى تەسۋىرلەپ، پادىشاھنىڭ «ئۆلۈكنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ مازارغا يەتكۈزۈپ دەپنە قىلسۇن» دېگەن ئەمرىنىڭ

ئاۋام ئامىنى قىيناپ قويغانلىقىنى، بىر ئۆلۈكنى كۆمۈش ئۈچۈن ئادەملەر بەش - ئون كۈن سەرسان بولۇۋاتقانلىقىنى شېئىر بىلەن ئىزھار قىپتۇ ۋە شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا، پادىشاھتىن: «بۇنىڭدىن پادىشاھ ئالىيلىرىغا نېمە ھوزۇر، نە پايدا؟» دەپ سوراپتۇ.

شائىرنىڭ شېئىرى پادىشاھنى غەزەپلەندۈرۈپتۇ: «بۇ ئېسىنى يوقاتقان مەدداھ قېرى تېخى ماڭا نەسىھەتگويلۇق قىلغىلى كەپتۇدەك!» دەپ دەرھال شائىرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ ھەمدە «قىرىق بەش ياشتىن ئاشقانلارنىڭ بېشى كېسىلسۇن!» دەپ ئىككىنچى پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

جاللاتلار يۇرتمۇ يۇرت، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ، قەيەردە قىرىق بەش ياشتىن ئاشقان ئادەملىكى بولسا ئۆلتۈرۈۋېرىپتۇ. بەزىلىرى تۇرلۇك ئاماللار بىلەن ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئوتتۇز ياشقىچە بولغان لەشكەرلىرىنى سەپەرگە ئاتلىنىشقا ئەمر قىپتۇ ۋە «ئوتتۇز بىر ياشقا يەتكەن بولسا قالدۇرۇلسۇن، ئۇنىڭ ئەقلى قىسقا بولىدۇ» دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ئۇنىڭدىن:

— شاھىم نېمىشقا بۇنداق دەيسىز، — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، نادان، — دەپتۇ پادىشاھ، — مەن ئۆز تەجرىبەمدىن ئۆتكۈزگەنمەن، قىرىق بەشتىن ئاشقان ئادەمنىڭ ئېسى ئاجىز، ئەقلى ئازايغان بولىدۇ. ئاغزىغا نېمە كەلسە، شۇنى سۆزلەۋېرىدۇ، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ كېرىكى يوق. بۇ گەپنى

ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما!

پادىشاھ ئەسكەرلىرى بىلەن سەپەرگە يۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر تاغقا يېقىنلىشىپتۇ، تاغ باغرىدا بىر چوڭ دەريا بولۇپ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىپ تۇرىدىكەن. پادىشاھقا بۇ يەر يېقىپ قېلىپ، بىر كېچە قونۇپ ئۆتۈشكە ئەمر قىپتۇ. پادىشاھ كېچىسى دەريا لېۋىدە ئېقىننى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپ، دەريا تېگىدىن بىر جۈپ گۆھەرنىڭ يالتىراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە بۇنىڭدىن كۆزى قىزارغان پادىشاھ خۇشاللىقىدىن دەرھال ئەسكەرلىرىنىڭ بىرسىگە گۆھەرنى دەريادىن ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن بىر لەشكەر دەرياغا سەكرەپتۇ. لېكىن قايتىپ چىقماپتۇ. پادىشاھ ئىككىنچى لەشكەرنى چاقىرىپ دەرياغا سەكرىتىپتۇ. لېكىن ئۇمۇ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپتۇ. شۇ كېچە بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى بولۇپ يۈزگە يېقىن ئادەمى سۇغا غەرق بولۇپتۇ. ئاخىرى لەشكەرلىرىدىن بىرى:

— شاھىم دەريانىڭ تېگى بەك چوڭقۇردەك. شۇنچە كۆپ سەكرىگەن كىشىلىرىمىزدىن بىرسىمۇ قايتىپ چىقمىدى، بىكارغا ئۆلۈشتىن نېمە پايدا؟ — دېگەن ئىكەن، پادىشاھ غەزەپلىنىپ:

— ھەي ئەقلى كەم! دەريا تېگى چوڭقۇر بولسا گۆھەر كۆرۈنۈپ تۇرامدۇ!؟ — دەپ ئۇنىمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.

ئەسكەرلىرى ئارىسىدا بىر يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ سەكسەن

ياشلاردىكى دادىسى بار ئىكەن، پادىشاھ قىرىق بەش ياشتىن ئاشقانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان چاغدا بۇ يىگىت دادىسىنى يوشۇرۇپ قالغانىكەن، بوۋاينىڭ يىگىتتىن باشقا ھېچنېمىسى بولمىغاچ ئوغلى پادىشاھ بىلەن سەپەرگە چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا يىغلاپ تۇرۇپ: «بالام سەن بوگۈن ئۇزۇن سەپەرگە يورۇپ كېتىۋاتىسەن. مېنىڭ سەندىن باشقا ھېچكىمىم يوق. سەن قايتىپ كەلگۈچە ئەھۋالىم نېمە بولار؟ پادىشاھقا بېرىپ ئېيتساڭ مېنى ئۆلتۈرسۇن، سەن مېنى كۆمۈپ قويۇپ كەتكىن. يا بولمىسا بىر ئىلاج قىلىپ بىرگە ئېلىپ ماڭ» دەپتۇ. يىگىت دادىسىنىڭ ھالىغا ھاۋالەن دىلى ئېرىپ بىر ساندۇق ياسىتىپتۇ - دە، دادىسىنى شۇ ساندۇققا جايلاشتۇرۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. دەرياغا سەكرەش نۆۋىتى يىگىتكە يېقىنلىشىپ قالغاندا، دەررۇ كېلىپ ساندۇقنى ئېچىپتۇ ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

— دادا مەندىن رازى بولۇڭ، — دېگەن ئىكەن، دادىسى:

— نېمە بولدى بالام؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت بولغان ۋەقەنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ياشانغان بوۋاي ئويلاپ تۇرۇپ:

— دەريا لېۋىدە دەرەخ بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوغلى:

— ھە بىر توپ چىنار بار، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ بوۋاي، — گۆھەر ئاشۇ چىناردا بولمىسۇن يەنە، سەن ئىلاج قىلىپ ئاشۇ چىنارغا چىقىپ گۆھەرنى تاپقۇدەك بولساڭ ئۇنى بېلىڭگە مەھكەم تۇگكىن - دە،

چىنـاردىن سۇغا سـەكرە، سۇدىـن ئامان چىقساڭ گۆھـەرنى پادىشاھقا شۇ ئامال بىلەن ئەپچىقىپ بەر، بولمىسا ئۇ نادان شاھ ساڭا ئازار قىلىدۇ، دۇئا قىلدىم.

يىگىت دادىسى بىلەن رازى ـ رىزالىق ئېلىشىپ، پادىشاھ قېشىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈش بىلەن:

— گۆھەرنى ئېلىپ چىق! — دەپتۇ. يىگىت شاھ ئەمرىگە جاۋابەن چىنار ئۇستىگە چىقىپ كېتىۋاتقان ئىكەن، پادىشاھ:

ساڭا سۇغا چۈش دېسەم، نېمىشقا چىنارغا چىقىسەن!؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. يىگىت ئېيتىپتۇ:

— شاھىم مەن سۇغا شۇنداق قاتتىق شۇڭغۇماقچىمەنكى، مۇشۇ ۋەجىدىن ئۆزۈمنى چىنار ئۇستىدىن تاشلىماقچىمەن. گۆھەر يەتتە قات يەرنىڭ تەكتىدە بولسىمۇ ئۇنى ئەلۋەتتە ئېلىپ چىقىمەن!

يىگىت چىنارغا چىقىپ دېگەندەك بىر جۈپ گۆھەرنىڭ بىر قۇش ئۇۋىسىدا يالتىراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنى دەررۇ ئېلىپ بېلىگە تۇگۈپتۇ ـ دە، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ، كېيىن بىر شۇڭغۇپ قىرغاققا چىقىپتۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە پادىشاھ: «كىمكى گۆھەرنى تاپالماي چىقسا، تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، مىڭ خىل ئازاب بىلەن ئۆلتۈرىمەن!» دەۋاتقان ئىكەن، يىگىت دەريادىن چىقىپ بىر جۈپ گۆھەرنى پادىشاھ ئالدىغا قويۇپتۇ.

پادىشاھ يىگىتنى خۇرسەن قىلىش ئورنىغا يىگىتكە قاراپ ھومىيىپتۇ ـ دە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بارلىقى شۇمۇ، يەنە يوقمىكەن! ئەگەر شۇنى بولسىمۇ ئېلىپ چىقمىغىنىڭدا كاللاڭنى كېسەتتىم، بولدى يوقال! — دەپ يىگىتنى ھەيدىۋېتىپتۇ. ئاخىرىدا پادىشاھ بۇ يەردىن كۆچۈشكە بۇيرۇق قىپتۇ. لەشكەرلەر كۆچۈپ كېتىۋېتىپ بىر سۇ لېۋىدە شۇنچە كۆپ چۈمۈلىلەرنىڭ يۇرگەنلىكىگە كۆزى چۈشۈپتۇ - دە، ھەيران قېلىشىپتۇ. پادىشاھ: «بۇ يەردە چۈمۈلىلەر نېمە قىلىشىدۇ؟» دەپتۇ. بۇنىڭغا ھېچكىممۇ جاۋاب بېرەلمەپتۇ. كېيىن پادىشاھ ھەممىنى يىغىپ: ھەر كۈنى ئىككىلا ئادەمدىن سورايمەن، ئەگەر سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمىسە ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى يىگىت يەنە دادىسى ئالدىغا بېرىپ، ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي:

— ئوغلۇم «ھامان بىر كۈن تۇغۇلماق، بىر كۈن ئۆلمەك بار». سەن پادىشاھ ئالدىغا بېرىپ «مەن جاۋاب بېرىمەن» دېگىن. ئەگەر سورىسا «دەريا ئاستىدا ياغ قاچىلانغان خۇمرا بولسا كېرەك، چۈمۈلىلەر شۇڭا بۇ يەردە چۆرگىلەپ يۈرەمدىكىن» دېگىن. ئەگەر «خۇمرىنى ئېلىپ چىقىپ كۆرسىتەمسەن» دەپ قالسا، «خوپ» دېگىن - دە، بىر توپ دەرەخ ئۈستىگە چىق، قولۇڭغا ئوقيانى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ ئاغزىنى چەنلەپ ئاتقىنكى، تىن تارتماي ئۆلسۇن، بىر ئەبلەخ پادىشاھنى دەپ، شۇنچە كۆپ نەۋقىرانلارنىڭ بىگۇناھ جېنى نابۇت بولۇشى ياخشى ئەمەس.

يىگىت دادىسىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ پادىشاھ ئالدىغا كېلىپ:

شاھىم بۇ سوئالىڭىزغا مەن جاۋاب بېرەي، دەپتۇ ۋە دادىسى ئۆگەتكەن سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— دەريانىڭ تېگىدىكى ماي خۇمرىسىغا چۇمۇلىلەر بۇ يەردە چۆگىلىشىپ نېمە قىلىشىدۇ؟! بۇ جاۋابىڭ شۇنداق بى مەززە جاۋاب بولدى! — دەپتۇ ۋە جاللاتنى چاقىرىپ:

— ئۆلتۈر بۇنى! — دەپ بۇيرۇپتۇ. يىگىت:

— شاھىم مەن ئاشۇ خۇمرىنى دەريادىن ئېلىپ چىقىپ كۆرسىتەي، بىر ئاز مۆھلەت بەرسىڭىز، — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ:

— قېنى ئېلىپ چىقىپ كۆرسەت! — دەپتۇ. يىگىت دەرھال دەرەخ ئۈستىگە چىقىپتۇ. پادىشاھ: «بۇ ئەخمەق دەرەخ ئۈستىدىن دەرياغا ئۆزىنى تاشلايدۇ» دەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. يىگىت دەرەخكە چىقىپ، قولىغا ئوقيانى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ ئاغزىنى نىشانلاپ ئوق ئۈزۈپتۇ، ئوق پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، كەينىدىن تېشىپ چىقىپتۇ. پادىشاھ شۇ ھامان تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ، ئۇنىڭدىن بىزار بولغان لەشكەرلەر كېلىپ يىگىتنى قۇچاقلاپ «خوپ ئىش قىلدىڭ» دەپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ تەنتەنە قىلىشىپتۇ. شۇ چاغ يىگىت:

— بۇ ئىشنى مەن سەكسەن ياشلاردىكى دادامنىڭ مەسلىھەتىگە مۇناسىپ قىلدىم. ئەپسۇسكى قانچە - قانچە دادىلىرىمىزنى بۇ زالىم پادىشاھ بىكارغا ئۆلتۈرۈۋەتتى، — دەپتۇ - دە، دادىسىنىڭ نەسىھەتىنى ئۇلارغا بىرمۇ بىر سۆزلەپ

بېرىپتۇ.

يىگىتلەر بوۋاينىڭ بۇ ئاجايىپ تەدبىرانە مەسلىھەتىدىن مىننەتدار بولۇشۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر شائىر ئادەم بار ئىكەن، ئۇ ھېلىقى بوۋاينىڭ بۇنچىۋالا ئۆتكۈر ئەقلىگە قايىل بولۇپ، مۇنداق بىر بېيىتنى قوشۇپ قويۇپتۇ[1]:

قېرى بىلگەننى پىرى بىلمەس،
بىلگەندىمۇ نېرى[2] بىلمەس.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابلىز قارى جامال
يېزىۋالغۇچى: ئابدۇكېرىم ئۆمەر

---

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 3 ـ سانى، 122 ـ بەت.
② نېرى ـ بۇ يەردە چوڭقۇر مەنىسىدە قوللىنىلغان.

# پاكلىقنىڭ خاسىيىتى

بۇرۇن بۇرۇندا، تېرىق تۇلۇمدا، ئارچا بۇلۇڭدا، كۆمەچ كۇلۇڭدا تۇرغان زامانلارنىڭ بىرىدە تەڭرىتاغ دىيارىدا بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇ تاغدىن ئوتۇن ئەكىلىپ شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىش ھەم شەھەردىن ئۇششاق ـ چۈششەك ماللارنى يېزىغا ئەكىلىپ سېتىش بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. ئۆزى گەرچە ئانچە باي بولمىسىمۇ، تاپقان ـ تەرگىنى ئۆزىگە ۋە مومىيىغا يېتىپ ئاشىدىكەن.

ئۇلار شۇ تەرزدە خاتىرجەم ياشىسىمۇ لېكىن، بوۋاينىڭ ۋە مومايىنىڭ ھامان دىلى سۇنۇق، چىرايى خۇنۇك ئىكەن. ئەسلىدە ئۇلار تا شۇ كەمگىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن. بارمىغان جاي، قىلمىغان سەۋەب قالماپتۇ. لېكىن، ھامان ئۈمىد يوق بولۇپ چىقىدىكەن. شۇندىمۇ ئۇلار پەرزەنت تەشنالىقىدا ھەر دائىم ئۈمىدۋار ياشايدىكەن.

— بىز تۇتقان بۇ جاھانغا ئىگە بولۇپ، ئىزىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، چىرىغىمىزنى ئۆچۈرمەي تۇرىدىغان پۇشتىمىزدىن بىرى بولسا ئىدى، — دەيدىكەن بوۋاي، — ئۇنى چوقۇم شەھەرگە ئەكىرىپ ياخشى تەربىيەلىگەن بولاتتىم.

— بىز قېرىپ كارغا كەلمەس بوپقالغاندا بىزنى خار قىلماي ئىگە بولىدىغان، ئۆزىنى بىزگە يار - يۆلەك قىلىدىغان پۇشتىمىزدىن بىرى بولسا ئىدى، — دەپ يىغلايدىكەن موماي، — بوۋاي بىلەن بىللە مۇرادىمىزغا يەتكەن بولاتتىم.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بوۋاي ۋە موماي خۇدادىن ھامان پەرزەنت كۈتۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئوتۇننى ئېلىپ شەھەرگە كېتىپتۇ. موماي ئۆيدە قىلىپ يەنە غەمگە پېتىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى سۇغا چىقىپ كۆلگە بارىدىغان يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە قېرى سۆگەتنىڭ يېنىدا بىر ئەر كىشىنىڭ ئەلەملىك ۋايساپ ياتقىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ يېنىغا ئاستا يېقىنلاپ كېلىپ قارىسا، ئۇ كىشىنىڭ پۇتىنىڭ ئوشۇقىدىن قان ئېقىۋاتقۇدەك. شۇ ئارىدا ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ بىگۇناھ بولغانلىقى ئۈچۈن يامۇلدىن قاچقانلىقى، قوغلاۋاتقان چېرىكلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەرەخكە چىقمۇېلىپ كېيىن چۈشۈشتە ئالدىراپ پۇتىنى زەخىملەندۈرۈۋالغانلىقىنى تەسلىكتە بايان قىپتۇ. ئاق كۆڭۈل موماي ئۇ كىشىنى يۆلەپ، مىڭ بىر تەسلىكتە ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ، جاراھىتىنى تېڭىپتۇ. ئاندىن بوۋىيى كەلگۈچە ساقلاپ، كېلىشىگە ئۇلگۇرتۇپ تامىقىنى ئېتىپ، تەييار قىلىپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي قايتىپ كەلگەندە، موماي ئىشنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي مومىيىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. كېيىن ھېلىقى كىشى بوۋاينىڭ «ساقايغاندا كېتىمەن» دېگىنىگە ئۇنىماي، ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ، ھاسىسىغا تايىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوۋاي شەھەردىن قايتىش يولىدا ئىچىگە لىق تىللا توشقۇزۇلغان بىر كىچىك خالتا تېپىۋاپتۇ. ئەتراپقا قارىسا ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ، «ھېلى بىرسى ئىزدەپ كەپقالار» دەپ ساقلىسىمۇ، ھېچكىم كەلمەپتۇ. ئاخىرى كۈن كەچ بوپتۇ. بوۋاي تىللانى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. بولغان ئىشنى مومايغا سۆزلەپتۇ. موماي بوۋاينىڭ قىلغىنىنى دۇرۇس دەپتۇ. ئۇلار بۇ خالتىنى ئۆز پېتى ساقلاپ، ئىگىسىنى كۈتۈش قارارىغا كەپتۇ. ئون كۈن ئۆتۈپتۇ، ئوتتۇز كۈن ئۆتۈپتۇ، ئوتتۇز بىرىنچى كۈنى بىر قېرى بوۋاي ئۆزىنىڭ بىر خالتا تىللا يوقىتىپ قويغانلىقىنى، شۇنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاپتۇ. بوۋاي ۋە موماي ئۇنىڭدىن سوراپ ئىشىنىڭ راستلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، خالتىنى ئۆز پېتىچە ئەپچىقىپ بېرىپتۇ. ھېلىقى بوۋاي ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئون تىللا بەرمەكچى بوپتۇ. لېكىن ئاق كۆڭۈل بوۋاي ۋە موماي ئۇ تىللالارنى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ ۋە بوۋاينى مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. كۈن، ئايلار قوغلىشىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ، يەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈن نىسپى بولغاندا بوۋاي ۋە موماي قاتتىق ئاڭلانغان دۈك - دۈك ئاۋازدىن قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرگەنلىكىنى تۇيۇپ قاپتۇ. بوۋاي ئۆزىنىڭ قېرىلىقى بىلەنمۇ ھېسابلاشمايلا يوغان بىر كالتەكنى كۆتۈرۈپ قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى ئۆيگە بۆسۈپ كىرىپ، ئوغرىنىڭ تاغىقىغا راسا كېلىشتۈرۈپ ساپتۇ. ناتونۇش ئوغرى تۇيۇقسىز بولغان بۇ ئىشتىن گاڭگىراپلا

قاپتۇ. ئارقىدىنلا بوۋاي تىترەۋاتقان ئوغرىنىڭ ياقىسىدىن قامالالپ ئاپتۇ. ئوغرىنىڭ پىچىقىنى تارتىپ ئېلىپ ئۆز قونچىغا ساپتۇ. ئوغرىلىغان نەرسىلىرىنى ئۆز ئورنىغا قويدۇرۇپ قوشنىسىنى تۇۋلاپتۇ. قوشنىسى بوۋاينىڭ مال – دۇنياسىنى ۋە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئەتىسى بوۋاي تۇيۇقسىزلا ئۆلپەتلىرىنىڭ زورلىشى بىلەن شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

شۇ تەرىقىدە توپتوغرا توققۇز ئاي، توققۇز كۈن ئۆتۈپتۇ. موماي ئېرى بەرگەن پۇلنى خىراجەت قىلىپ، يەپ ئىچىپ سېتىپ پۇل قىلىپ، تۇرمۇشتا پەقەت قىينالماپتۇ. مۆجىزە يۈز بەرگەندەك قورساق كۆتۈرۈپ، قوشنىسىنىڭ ئايالىنىڭ ياردىمى بىلەن يەڭگىۋاپتۇ. شۇ كۈنى دەل بوۋايمۇ سەپەردىن قايتىپ كېلىپ پاقالاندەك ئوغلىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ ھەم ئالالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپتۇ.

بوۋاي ۋە موماي بۇ خۇشاللىقتا يەنە نۇرغۇن يىل بەختلىك ياشاپ، ئوغلىنى قاتارغا قوشۇپ، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ①

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابلىمىت ئابدىباقى

---

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 – يىللىق 5 – سانى، 117 – بەت.

# تېۋىپ ۋە ئۇنىڭ ئەقىلسىز ئوغلى

بۇرۇنقى زاماندا بىر يېزىدا بىر تېۋىپ ياشىغان بولۇپ، تېبابەتچىلىك بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىپ جېنىنى جان ئېتىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى «ماھارىتى» گە تايىنىپ سان ـ ساناقسىز بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتىپ، خالايىقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىكەن. تېۋىپ يېشى ئۇلغايغانسېرى «مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە بىرەر شاگىرت تەربىيەلىمەپتىمەن، ئەگەر ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، كەسپىمگە كىم ۋارىسلىق قىلار» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرىدىغان بوپتۇ ۋە ياشلاردىن مۇۋاپىق بىرەرسىنى تاللاپ ئۆزىگە شاگىرت قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئالدىراپتۇ، شۇ مەقسەتتە كۆپلىگەن ياشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى دىتىغا ياقماپتۇ. تېۋىپ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى «يات كىشىنىڭ بالىلىرىنى تەربىيەلىگەندىن كۆرە، يەنىلا ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئوغلىنى تەربىيەلىگىنىم تۈزۈك» دېگەن قارارغا كەپتۇ. تېۋىپنىڭ تولىمۇ ئەركە ئۆسكەن ئەقىلسىز، بەڭباش بىرلا ئوغلى بولۇپ، دائىم داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە لاغايلاپ يۈرۈيدىكەن. «تۆگىنىڭ مازار

بلەن نېمە ئىشى» دېگەندەك ئاتىسىنىڭ كەسپىگە قىلچە قىزىقمايدىكەن.

بىر كۈنى تېۋىپ ئوغلىغا ئۆز قارارىنى ئېيتىپتۇ. ئوغۇل كۆڭلىدە ئاتىسىنىڭ كەسپىنى ئۆگىنىشنى خالىمىسىمۇ، ئاتىسىنىڭ سۆزىنى يىرالماي، زورمۇ زور رازى بوپتۇ. شۇندىن باشلاپ تېۋىپ ئۆز كەسپىنى كېچە ـ كۈندۈز ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. لېكىن ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئوغۇل تېبابەتچىلىك كەسپىنى زادىلا ئۆگىنەلمەپتۇ. ئوغلىنىڭ ئەقىلسىزلىكى كۆڭلىگە قاتتىق تەگكەن تېۋىپ كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ ۋە: ئوغلۇم مەندىن كېيىن قالسا قانداقمۇ جان باقار، دېگەنلەرنى ئويلاپ قايغۇرۇپتۇ. قايغۇسى كۈچەيگەنسېرى كېسىلىمۇ ئېغىرلىشىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى تېۋىپ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلىنى يېنىغا چاقىرتىپ:

ــ شۇنچە كۈچەپ ئۆگەتكەن بولساممۇ، مېنىڭ كەسپىمنى زادىلا ئۆگىنەلمىدىڭ. ئەمدى ساڭا جان بېقىشنىڭ بىرەر يولىنى ئۆگىتىپ قويمىسام بولمىدى. ساڭا دەيدىغان ۋەسىيىتىم شۇكى، مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ئامال قىلىپ مېنىڭ يولۇمنى تۇتقىن. چۈنكى، كىشىلەر سېنى تېۋىپنىڭ ئوغلى، دەپ قارىغاچقا تېۋىپلىكنى بىلىدۇ، دەپ ئويلاپ ساڭا كېسەل كۆرسىتىشى مۇمكىن. بەزى كىشىلەرنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى ئۇلارنىڭ يېگەن نەرسىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، سەن كېسەل بولغۇچىنىڭ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇشىنىڭ

ئالدىدا نېمىلەرنى يېگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىل. بۇنىڭ ئۈچۈن كېسەل كۆرگىلى بارغان چېغىڭدا كېسەل بولغۇچىنىڭ ئىشىك ئالدى ۋە ھويلا - ئاراملىرىغا ياخشى سەپسېلىپ قارا. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ يەرلەردە ئۇلارنىڭ يېگەن نەرسىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بولىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتىسەن ۋە: «ئۆزلىرى پالانى ياكى پوكۇنى يېمەكلىكنى يېگەن ئىكەنلا، شۇڭا كېسەل بولۇپ قاپلا» دەيسەن، ئاندىن كېيىن كېسەلگە پايدىسى قىلمايدىغان، زىيانمۇ قىلمايدىغان بىر نەچچە خىل دورا بۇيرۇيسەن. شۇنىڭ بىلەن كېسەل بولغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سېنىڭ «تاپقاق» لىقىڭغا قايىل بولىدۇ. ئۆزۈڭمۇ ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيسەن، — دەپتۇ ۋە ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ.

تېۋىپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئوغلى ئاتىسىدىن مىراس قالغان مال - دۇنياني خالىغانچە يەپ - ئىچىپ، بۇزۇپ، چېچىپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پاك - پاكىز قۇرۇتۇپ قويۇپتۇ. بارا - بارا ئۇنىڭغا قورساق بېقىشمۇ تەس كېلىپ، ئەتىگەنلىكنى تاپسا چۈشلۈكنى تاپالمايدىغان، چۈشلۈكنى تاپسا كەچلىكنى تاپالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىرى تىلەمچىلىك قىلماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا بىردىنلا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى يادىغا كېلىپ، بۇ نىيىتىدىن يېنىپتۇ ۋە «تېبابەتچىلىك» بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ يىراق بىر يېزىدا بىر كىشىنىڭ ئىچى سورۇپ، قورسىقى ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ كېسەل بولغۇچىنىڭ هويلىسىغا قەدەم باسقان چاغدا بىردىنلا ئاتىسىنىڭ: «كېسەل بولغۇچىنىڭ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇشىنىڭ ئالدىدا نېمىلەرنى يېگەنلىكىنى ئالدىنئالا بىلىۋېلىشقا هەرىكەت قىل» دېگەن سۆزى يادىغا كەپتۇ ـ دە، هويلا ئىچىگە سەپسېلىپ قاراشقا باشلاپتۇ. لېكىن، هېچقانداق يېمەكلىكنىڭ قالدۇقلىرى كۆرۈنمەپتۇ. ئوغرىلىقچە ئېغىلغا كىرىپ ئوقۇرغا قارىغان ئىكەن، ئوقۇردا قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ شاپاقلىرى تۇرغۇدەك. ئۇ ئۆزىنىڭ «يىپ ئۇچى» تاپقانلىقىغا خۇشال بولۇپ، كېسەل بولغۇچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ ۋە بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ: «ئۆزلىرى قوغۇن ـ تاۋۇزنى جىق يېگەن ئىكەنلا، شۇڭا قورساقلىرى ئاغرىپتۇ» دەپتۇ.

دېمىسىمۇ، كېسەل كىشى ئالدىنقى كۈنى راستىنلا قوغۇن ـ تاۋۇزنى كۆپ يەۋەتكەنىكەن، ئۆي ئىگىلىرى بۇ هۆكۈمگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، «تېۋىپ» نى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ. «تېۋىپ» كېسەلگە پايدىنىمۇ قىلمايدىغان، زىيانىمۇ قىلمايدىغان بىر نەچچە خىل دورا بۇيرۇغاندىن كېيىن قايتماقچى بوپتۇ. بىمارنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنىڭغا خېلى جىق نەق پۇل بېرىپ، چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

يەنە بىر كۈنى ئۇ باشقا بىر يېزىدا بىر ئايالنىڭ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ يېزىغا قاراپ

چېپىپتۇ. ئايالنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قارىسا، بىر ئىت دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى يوندى تۆكىدىغان جايدا سۆڭەك غاجىلاۋاتقۇدەك. ئۇ ئوڭايلا «يىپ ئۇچى» تاپقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئايالنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ ۋە ئايالنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ: «خېنىم، ئۆزلىرى گۆشنى جىق يەۋەتكەن ئىكەنلا، شۇ گۆش سىلىگە بەك ئېغىر كېلىپ، كېسەل بوپقاپلا» دەپتۇ. ئايالنىڭ ئۆيىدىكىلەر بۇ هۆكۈمگىمۇ چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، ئۇنى «ئەۋلىيا تېۋىپ» دەپ ماختىشىپتۇ. دېمىسىمۇ ئايال ئالدىنقى كۈنى گۆش يېگەنىكەن. «تېۋىپ» ئايالغا پايدىسىمۇ قىلمايدىغان، زىيانىمۇ قىلمايدىغان بىر نەچچە خىل دورا بۇيرۇغاندىن كېيىن قايتماقچى بوپتۇ. ئۆي ئىگىلىرى ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان پۇل ـ مال بېرىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ ئوغۇلنىڭ هال ـ كۈنى بارغانسېرى ياخشىلىنىپتۇ. ئۇ ئەمدى ئۆز «هۈنىرى» نىڭ ئاققانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئەپت ـ بەشىرىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ قويماپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر يىگىت ئۇنى ئىزلەپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئايدىن بۇيان ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ئاتىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. ئۇ دەرهال ماقۇل بوپتۇ. يىگىتنىڭ هويلىسىغا كىرگەندە، بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە هويلا ئىچىگە سەپسېلىپ قاراپ «يىپ ئۇچى» ئىزلەپتۇ. بىراق، هېچقانداق يېمەكلىكنىڭ قالدۇقى

كۆرۈنمەپتۇ. ھويلىدا پەقەت ئېشەكنىڭ بىر دانە توقۇمى تۇرغۇدەك. ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، يىگىتنىڭ ئاتىسىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ:

— ئاتا، ئۆزلىرى توقۇم يېگەن ئىكەنلا، شۇڭا كېسەل بوپقاپلا، — دەپتۇ. يىگىتنىڭ ئۆيدىكىلەر بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلاپ دەسلەپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگىچە كۈلۈشۈپتۇ، ئارقىدىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، «كىمىڭنى زاڭلىق قىلىسەن، ئالدامچى!» دەپ ئۇنى گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ، كۆتىگە تەپكەن پېتى ھويلىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز شۇنىڭدىن پەيدا بولغانمىش.①

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاسىم مىراپ

رەتلىگۈچى: مەتىمىن سەئىدى

① «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 74 ـ بەت.

# ئوتۇنچىنىڭ تېپىشماقلىق ھېكمىتى

بىر كۈنى پادىشاھ ئېتىنى مىنىپ سىرتنى ئايلىنىشقا چىقىپتۇ. يولدا كېتىۋاتسا بىر ئوتۇنچى ئۇچراپتۇ. پادىشاھ ئېتىنى توختىتىپ ئوتۇنچىدىن سوراپتۇ:

— تۇرمۇش ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ كۈندە مۇشۇنداق ئوتۇن توشۇپ سېتىپ ئۆتكەن كۈنۈڭدىن رازى بولامسەن؟ ئوتۇن سېتىپ تاپقان پۇلۇڭ خىراجىتىڭگە يېتەمدۇ؟

ئوتۇنچى پادىشاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ:

— مۇشۇنداق ئوتۇنچىلىق قىلىپ ئۆتكەن كۈنۈمگە كۆپ رازى، ئوتۇن سېتىپ تاپقان پۇلۇم ئۆزۈمگە خىراجەت قىلغاننىڭ سىرتىدا يەنە يېتىپ ئاشىدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا سەن تاپقان پۇلۇڭنى قانداق خىراجەت قىلىسەن؟

— تاپقان پۇلۇمنى تۆتكە بۆلىمەن. بىرىنچى قىسمىنى قەرزگە تۆلەيمەن، ئىككىنچى قىسمىنى دەرياغا تاشلايمەن، ئۈچىنچى قىسمىنى يەر ئاستىغا كۆمىمەن، تۆتىنچى قىسمىنى دۈشمەنگە تاپشۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوتۇنچى.

پادىشاھ ئوتۇنچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ

سۆزىگە قىزىقىپ قاپتۇ ــ دە، يەنە سوراپتۇ:

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ گېپىڭنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. تېپىشماق سۆزلەۋاتامسەن ــ يا؟

ئوتۇنچى پادىشاھنىڭ بۇ سۆزىگە ئودۇلمۇئودۇل بىۋاستە جاۋاب بەرمەستىن مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئاتا ــ ئانام مېنى بېقىپ تەربىيەلەپ چوڭ قىلدى. كۆپ جاپا چەكتى. ئەجىر سىڭدۈردى، مەن ئۇلارغا قەرزدار. ئۇلارنى بېقىپ قەرزىمنى تۆلەيمەن. ئۇنىڭدىن باشقا مەن مەي ئىچمەن. قىمار ئوينايمەن. بۇ خۇددى پۇلنى بىكاردىن ــ بىكار سۇدا ئېقىتىۋەتكەنگە ئوخشاش. بايغا تاپاۋەت تۆلەيمەن، بۇ خۇددى پۇلنى يەرگە كۆمگەنگە ئوخشاش. خوتۇنۇم مېنىڭ دۈشمىنىم، ھەر ئايدا خىراجەتتىن ئاشقان پۇلنى دۈشمىنىمگە تاپشۇرىمەن.

پادىشاھ ئوتۇنچىنىڭ جاۋابىنى تىڭشاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاپتۇ.

ــ سەن گەپ ئارىلاپ كېلىپ ئاياللىقنى دۈشمەن ئورنىغا قويدۇڭ. سەن ئويلاپ باق، ئەگەر ئاياللار بولمىغان بولسا، سەن، بىز نەدىن كەلگەن بولاتتۇق؟ ئاياللار بىزنىڭ ئانىمىز، ئاچىمىز، سىڭلىمىز، شۇنداقلا بىز ئاياللار بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، ئۇ بىزنىڭ خوتۇنىمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز. بىز ئۇلارغا ئىشىنىشىمىز لازىم، ــ دەپتۇ.

ئوتۇنچى پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

ــ پادىشاھى ئالەم، بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ سۆزى توغرا

بولۇشى مۇمكىن.

— سەن مېنىڭ سۆزۈمنى بەلكىم توغرىدۇ، دېدىڭ. ھازىر ئەمدى سېنىڭ تېپىشمىقىڭنى يەنە بىر قېتىم تەكرار ئاڭلىغۇم كەلدى. يەنە بىر قېتىم سۆزلىگىن، — دەپتۇ.

ئوتۇنچى پادىشاھنىڭ سۆزىگە بىنائەن بۇ ھېكمەتنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئوتۇنچىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەينەن خاتىرىلىۋاپتۇ. ئاندىن ئوتۇنچىنى بۇ ھېكمەتنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىماسلىققا قەسەم قىلدۇرۇپتۇ.

پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ ئېلان چىقىرىپتۇ. كىمكى مۇشۇ تېپىشماقنى تاپسا يۈز تىللا ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ ئېرىدىن تېپىشماقنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئېرى گەپ - سۆز قىلماستىن تۇرۇۋاپتۇ. خوتۇنى قايتا - قايتا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغانلىقتىن خوتۇنىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي قاپتۇ. خوتۇنى تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىۋېلىپ دەرھال ئوردىغا بېرىپ، تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى پادىشاھقا ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئايالدىن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ:

«سەن ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئايال ئىكەنسەن» دەپ ئايالغا 100 تىللا ئىنئام قىپتۇ ھەمدە ئايالغا سەپسېلىپ، «مەن سېنى بىر

يەردە كۆرگەندەك قىلغان» دەپتۇ. بۇ ئايال «مەن ئۆزلىرىنى پەقەت كۆرمەپتىكەنمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇئاندا پادشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ئوتۇنچىنى دەرھال تاپقۇزۇپ كەپتۇ ۋە ئوتۇنچىدىن:

— سەن نېمە ئۈچۈن بەرگەن ۋەدەڭگە ئەمەل قىلماي قىلغان قەسىمىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، تېپىشماقنى خوتۇنۇڭغا ئېيتىپ قويدۇڭ؟

ئوتۇنچى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بېشىنى يەرگە قويۇپ ئىلتىجا قىلىپ، كەڭچىلىك قىلىشنى تىلەپ:

— پادشاھى ئالەم، ماڭا رەھىم قىلسىلا، ئۆزلىرى ماڭا خوتۇنۇڭغا ئىشەنگىن، — دەپ نەسىھەت قىلغان ئىدىلە. ئۆزلىرىنىڭ نەسىھەتى بويىچە خوتۇنۇمغا ئىشىنىپ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتىمەن. خوتۇنىنىڭ كاساپىتىدىن بۈگۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندىم. بۈگۈن ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى خوتۇن ھەقىقەتەن مېنىڭ دۈشمىنىم ئىكەن، — دەپتۇ.

پادشاھ ئوتۇنچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئوتۇنچىنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— سېنىڭ گەپلىرىڭ ئورۇنلۇق بولدى. بۇمۇ بىر ساۋاق بولدى. ئادەم ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتمەسلىكى لازىم ئىكەن. پادشاھنىڭمۇ يېتەرسىز جايلىرى بار ئىكەن. بولدى ئۆيۈڭگە قايت. ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات. بېرىلگەن ئىنئامدىن ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار تەك بەھرىمەن بولۇپ ئوبدان ئۆتۈڭلار، —

دەپتۇ.

ئوتۇنچى پادىشاھقا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ چىقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەي ئەر - خوتۇن بىرگە ئىناق ئۆتۈپتۇ.[1]

ئېيتىپ بەرگۈچى: يۈسۈپ مۇھەممەت
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇراخمان ھاجى

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 6 - سانى، 122 - بەت.

# بىر جۇپ قىز

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ خەزىنىسىدە ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيالىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇرسىمۇ، پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ. بۇنىڭغا ئىچى پۇشۇپ، كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىكەن. ئۇ يېشى ئۇلغىيىپ قېرىلىق يېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانسېرى قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ ۋە شۇنچە دۇنيا - دەپىنە بەرگەن خۇدادىن بىرەر پەرزەنتنى ئايىماسلىقىنى تىلەپ، كۆپ دۇئالار قىلىپتۇ، مازار - ماشايىخلارغا ئادەم ئەۋەتىپ نەزىر - چىراغلار ئۆتكۈزۈپتۇ، ھەر كېچىسى تەئەججۇد نامىزى ئوقۇپ تىلەك تىلەپتۇ. خۇدا ئاخىرى ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ، خوتۇنى بىر قىز تۇغۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇ تولىمۇ خۇشال بولۇپ، يۇرتقا چوڭ مەرىكە قىلىپ بېرىپتۇ. قىز بىر ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇغۇلغان، چىرايىمۇ ئوخشىشىدىغان قىز بوۋاقتىن بىرنى تاپتۇرۇپ ئەكېلىپ، بىللە بېقىش قارارىغا كەپتۇ. خىزمەتكارلار مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، پادىشاھنى بۇ ئارزۇسىغىمۇ يەتكۈزۈپتۇ. بىر جۇپ قىزغا مەخسۇس

تەربىيەچى بېكىتىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىنىپتۇ. ئۇلارغا كۆزى چۈشكەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلىدىكەن. ئۇلار ئوخشاش بويلۇق، ئوخشاش خۇيلۇق بولۇپ، بىرسى ـ بىرسىدىن چىرايلىق ئىكەن. تەجرىبىلىك تەربىيەچىلەرنىڭ تەربىيەسىدە شۇنداق ئەقىللىق ھەم ئەدەپلىك ئۆسۈشكە باشلاپتۇ.

بۇ بىر جۈپ قىز ئالتە ياشقا كىرگەندە پادىشاھ دۆلەت ئىشلىرىنى ۋەزىرلىرىگە تاپشۇرۇپ، ئۈچ يىللىق سەپەرگە چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ مېڭىش ئالدىدا:

— مەن سەپەردىن ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگۈچە قىزىم توققۇز ياشقا كىرىدۇ. ئۆز قىزىم بىلەن ئاسراندى قىزنى ئوخشاش كىيىندۈرۈپ قويۇڭلار، مەن تونۇپ باقاي! — دەپتۇ.

پادىشاھ قەسىردىن ئايرىلغان كۈندىن باشلاپ، ئىككى قىز ئوخشاش غىزالاندۇرۇلۇپ بېقىلىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرى خالىغانچە ئويناپ، خاپىلىقتىن نېرى ھالدا خۇشال ـ خۇرام ئۆسۈپتۇ. بەزىدە تەربىيەچىلەرمۇ ئۇلارنى چاقىرىش توغرا كەلگەندە ئالماشتۇرۇپ قويىدىكەن.

كۈنلەر ھەپتىلەرنى، ھەپتىلەر بولسا ئايلارنى قوغلاپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ يىلمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. قىزلار توققۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئاپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنىمۇ ئېرىنى سېغىنىپ كۈتۈۋېرىپ كۆزى تۆت بوپتۇ. ئاخىرى پادىشاھمۇ سەپەردىن

ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەپتۇ. ئىككى قىز بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋالالمىغۇدەك دەرىجىدە كىيىندۈرۈلۈپ قويۇلغان ئىكەن. پادىشاھ ھەر قانچە سىنچىلاپمۇ قايسىسىنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قاپتۇ. ئىككىلا قىز ئوخشاشلا «دادا ـ دادا!» دەپ ئىنتىلىپ تۇرارمىش. پادىشاھنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ كۈلۈپ تاشلاپتۇ.

پادىشاھ ئىلاجسىز خوتۇنىدىن:

ــ مەن قانچە قىلساممۇ ھېچ تونۇيالمىدىم، زادى قايسىسى بىزنىڭ ئۆز قىزىمىز؟ تەڭلىكتە قويماي ئېيتىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، ــ دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ خوتۇنى ئۆز قىزىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ يۈرەك پارىسىنى باغرىغا بېسىپ، يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ كېتىپتۇ. خۇدا بالىغا بولغان مېھرىنى شاھ بىلەن گاداي، ھەتتا پۈتكۈل جان ـ جانىۋارغا ئوخشاش سالغانىكەن. پادىشاھ قىزلىرىغا ئاتاپ كاتتا بىر ئىمارەت سالدۇرۇپ، بىر جۈپ قىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلارغا قاراشقا مەخسۇس تەربىيەچى مۇلازىملار تەيىنلىنىپتۇ. ئۇلار ئوخشاش چوڭ بولۇپتۇ، بالاغەتكە يېتىپ ھۆسنىگە تولۇپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىككىسىنى بىر مەيگە ئولتۇرغۇزۇپ ئايلاندۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ ۋە پەرمان چىقىرىپ:

ــ ئۆز قىزىم بىلەن ئاسراندى قىزنى ئايرىپ بېرەلىگەن

يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلىمەن، ئايرىيالمىغانلارنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن! — دەپ جاكارلاپتۇ.

پادىشاھنىڭ پەرمانى يېقىن - يىراقلارغا يېتىپ، نۇرغۇن شاھزادە - بەگزادىلەر تەۋەككۈل قىلىشىپ كاللىسىدىن ئايرىلىپتۇ. شەھەرنىڭ چەت ياقىسىدا بىر كەمبەغەل ھۇنەرۋەن بولۇپ، ئۇنىڭ بار - يوق بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، جاپاكەش دادا ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، ئوردىغا بېرىپ، تەمتىرەپ تۇرمايلا مەپىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قىزنى كۆرسەتسەڭ مۇرادىڭغا يېتىسەن، — دەپتۇ.

كەمبەغەل يىگىت ئوردىغا كىرگەن ئىكەن، ھېچكىم نەزىرىگە ئىلماپتۇ. لېكىن ئۇ پەرۋاسىز ھالدا مەردانە قەدەملەر بىلەن مېڭىپ مەپىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن كۆرسەتسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، پادىشاھمۇ مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا:

— جېنىڭدىن تويغان بولساڭ، قېنى، تەلىيىڭنى سىناپ باق! — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن، كەمبەغەل يىگىت قىلچە تەمتىرىمەستىن مەپىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قىزنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ شۇنچە كۆپ شاھزادە - بەگزادىلەر تاپالمىغاننى بۇ يىگىتنىڭ تېپىۋالغىنىغا خۇشال بوپتۇ ۋە ئۆز لەۋزىگە ئاساسەن

تەييارلىقلارنى جىددىي پۈتكۈزۈپ، 40 كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ، قىزنى كەمبەغەل يىگىتكە نىكاھلاپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۇنى تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلەپتۇ.[1]

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئەمەت نىياز
ئىجادىي رەتلىگۈچى: تۇردى يامغۇر

① «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 1 - سانى، 95 - بەت.

**图书在版编目(CIP)数据**

傲慢的小公鸡：维吾尔文/阿布力孜·拜合提亚尔.
编一喀什：喀什维吾尔文出版社：乌鲁木齐：新疆电子音像出版社，2010.4
(给孩子们的礼物. 中)
ISBN 978-7-5373-2011-5

Ⅰ.①傲…Ⅱ.①阿…Ⅲ.①童话一作品集一中国一当代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I287.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第069889号

| | |
|---|---|
| 丛 书 名 | 给孩子们的礼物－中（10） |
| 书 名 | 傲慢的小公鸡 |
| 策 划 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 编 者 | 阿布力孜·拜合提亚尔 |
| 责任编辑 | 买哈巴·铁外库 |
| 特约编辑 | 艾合买提·买买提 |
| 责任校对 | 古丽巴哈尔·托合塔木 |
| 特约校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 封面设计 | 努尔买买提·吾买尔 |
| 出 版 | 喀什维吾尔文出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地 址 | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| 邮 编 | 830000 |
| 发 行 | 新疆新华书店 |
| 印 刷 | 新疆今日新疆印务有限公司印装 |
| 开 本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印 张 | 3.375 |
| 版 次 | 2010年4月第1版 |
| 印 次 | 2011年2月第1次印刷 |
| 书 号 | ISBN 978-7-5373-2011-5 |
| 总 定 价 | 84.00元（全10册） |

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## بالىلارغا سوۋغا ـ 2

Balilargha Sowgha


بىتەلەي توشقان
ئاق قۇ مەلىكە
ئوچ ئالتۇن قورچاق
خرۇستال كەش
تور مەلىكە
توققۇز دانە ئالما
ئەخلەت يەيدىغان كۈچۈك
بەخت ئارىلىنى ئىزدەش
بولۇاسقا ئايلانغان بالا
ھاكاۋۇر چۈجە خوراز


8.50

ISBN 978-7-5373-2011-5
9 787537 320115 >
总定价：84.00元（全七册）